« جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى » دىكى نەشرىي ئەپكار
« شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

6
2014

新疆文化

ISSN 1008-6498
11>
9 771008 649003

XINJIANG CULTURE • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • مجلة حضارة شنجيانغ

www.uyghurkitap.com




ئۇستاز ژۇرنالىست، ئالىي مۇھەررىر قۇربان مامۇت




(63 - يىل نەشرى)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى، دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۈسۈپ

## شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

2014.6

(ئومۇمىي 330 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

www.uyghurkitap.com


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۇسۇپ
جالىك خۇگچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك
مۇھەررىرى ۋە
تېخرىداكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


**چىرىكلىككە، پارىخورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئاۋامغا بەخت يارىتايلى**

## بۇ ساندا

### مەدەنىيەت، رىقابەت ۋە بۆرە روھى


بۆرە روھى — «بۆرە توپىغا قايتىش»قا كىرىش سۆز ............ جياڭ رۇڭ 3


### مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە قەدىمىي شەھەرلىرىمىز


كروران شەھىرى قانداق ۋەيران بولغان؟ ............ غالىب باران ئەرك 8
يەنە «بۇخارا ئۇيقۇسى» توغرىسىدا ..................................
.................................. باھارگۈل ئىمىن، ئابلىمىت مۇھەممەد ماڭلاي 22


### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ........................ ئىمىن ھاشىم قاتارلىقلار 33


### ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ


«بايرام» تۆكمىچىلىكى ۋە ئەۋرىشىم پىسخىكىمىز ........................
........................................ ئۆمەر ئوسمان شىپائىي تېكىن 35
كىتاب قۇراقچىلىقىدىن نەشر ئىسراپچىلىقىغىچە ...... بۇمەريەم سەمەت 41


### مەن كۆرگەن دۇنيا


چەت ئەل چۈشى ۋە كانادادا كۆرگەنلىرىم ............ ئابدۇۋاھىد ئېلى 48


### ئەدەبىيات گۈلزارى


سەۋەنلىكى بار ئەر............ (پوۋېست) .................... ئايقۇت 61
پەردە ياقۇپ شېئىرلىرىدىن ............................................ 79


مۇقاۋىدا: مەدەنىيەتنىڭ رىشتى يىراقلارغا تۇتاشقان ...... قۇربانجان روزى شەيدائى لايىھەلىگەن



جياڭ رۇڭ

# بۆرە روھى — «بۆرە توپىغا قايتىش»قا كىرىش سۆز

تەرجىماندىن: بۇ يازما «بۆرە توتېمى» دېگەن ئەسەرنى جامائەتچىلىككە تەقدىم ئېتىپ، جۇڭگونى زىلزىلىگە سالغان «قېرى بۆرە» — جياڭ رۇڭ ئەپەندى «بۆرە قىز» دېگەن ئاتاقتا نائىل بولغان ياش رەسسام لى ۋېيىي خانقىز نەشر قىلدۇرغان «بۆرە توپىغا قايتىش» ناملىق ئەسەر ئۈچۈن مەخسۇس يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆز.

كىتاب مۇقاۋىسىنىڭ قاپ ئىچىغا بېرىلگەن «ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش»تا ئاپتور ئاغزىدىن مۇنداق دېيىلگەن: «مېنىڭ ئىسمىم ـ فامىلەم لى ۋېيىي، چېخدۇلۇق قىزمەن. كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپلا ماقالە يېزىشتىن قورقاتتىم، مانا ئەمدى ئويلىمىغان يەردىن 400 مىڭ خەتلىك رومانىنى يېزىپ چىقتىم. ئۇنداقتا مەن رومانىنى زادى قانداق يېزىپ چىقتىم؟

ئەمەلىيەتتە، مەن پەقەتلا بىر خاتىرىلىگۈچى، ھەقىقىي يازغۇچى — بۆرە كۈچۈكى، ئۇ كىتابتىكى جىمى ھېكايىنىڭ ئىجادچىسى. مەن بۆرە كۈچۈكىنىڭ ھېكايىسىدە كۈلۈۋېتىپ يىغلىدىم، يىغلاۋېتىپ كۈلدۈم... ئۇ، مېنىڭ قەلىمىم ئارقىلىق كىشىلەرگە ئەركىنلىك، رىقابەت، ھايات قېلىش، ئارزۇ، غۇرۇر، دوستلۇق، يايلاق ۋە بۆرە... ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ.»

يۇقىرىقى بايانلاردىن «بۆرە توپىغا قايتىش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن قىسقىچە خەۋەر تاپالايمىز. گەرچە ئەسەر تېخىچە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنمىغان بولسىمۇ، يۇقىرىقى «كىرىش سۆز» ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى بىلىشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە.

«بۆرە ساھىبجامال» نورغاي يايلىقىدىكى زاڭزۇ چارۋىچىلار 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلغان ئايال رەسسام لى ۋېيىيغا قويغان سىرلىق تۇسكە ئىگە بىر ئىسىم. مېنىڭچە، ئۇ «جۇڭگودىكى بىرىنچى بۆرە ساھىبجامال» دېگەن نامغا مۇناسىپ كېلىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن بۆرە كۈچۈكىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، باقىقان ۋە ئۇنىڭغا ياۋايىلاشتۇرۇش مەشىقى قىلدۇرغان. شۇنداق قىلىپ ئادەم باققان بۆرە كۈچۈكىنى دالىغا قويۇپ بېرىشتە تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بولۇپ قالغان؛ ئىككىنچىدىن، دۇنيا بۆرە مەدەنىيىتى بويىچە ئايال ھەقدارنىڭ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن داڭلىق رومان — «بۆرە توپىغا قايتىش»نى يازغان.

مەن «بۆرە توپىغا قايتىش»نى تۆت قېتىم ئوقۇدۇم، يەنە ئوقۇغۇم بار. بۆرە ھەققىدە يېزىلغان بۇ كىتاب مېنى سوغۇق تەرگە چۆمدۈرسە، تۇرۇپلا قانلىرىمنى قىزىتىۋې-

## مەدەنىيەت، رىقابەت ۋە بۆرە روھى

www.uyghurkitap.com

تەتتى ياكى كۆزۈمگە ياش كەلتۈرۈۋېتەتتى. بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرىدا بۆرە كۈچۈكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۆرىلەر توپىغا قوشۇۋېتىلگەنلىكى، شۇنداقلا بۆرە قىز بىلەن بۆرە كۈچۈكى گېرىنىنىڭ مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، ھاياتنىڭ خەۋپىگە قارىمايدىغان بۆرىلىك خىسلىتى ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان ئىشلار جۈملىسىدىن بولۇپ، كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ. بۇنداق قارىماققا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى يوق تەۋەككۈلچىلىكنىڭ ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇندالغانلىقى ماڭا روھىي جەھەتتىن مىسلىسىز ئىلھام بولدى.

مەن «بۆرە توتېمى»نىڭ ئاپتورى بولغانلىقىم، دۇنيادىكى بۆرە مەدەنىيىتىنى بىر قەدەر پىششىق بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، بۆرە بېقىشنىڭ قىيىنلىقىنى ئوبدان چۈشىنىمەن، بۆرىنى ئۆز توپىغا قوشۇۋېتىش تېخىمۇ تەس ئىش، ئەلۋەتتە. مەن ياشلىق چاغلىرىمدا ئۆزۈم باققان بۆرە كۈچۈكىنى بۆرىلەر توپىغا قوشۇۋېتىش ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدىم. بىر قانچە يىل بۇرۇن جۇڭگىچىلىق لۇيۈگىنىڭ بۆرىنى ئۆز توپىغا قوشۇۋېتىش ئىشىمۇ ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئادەم قولىدا بېقىپ چوڭ قىلىنغان بۆرىنىڭ دالىغا قويۇپ بېرىلىپ ھايات قالغانلىرىدىن بىرەرسىمۇ يوق. چۈنكى، مۇستەقىل ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يەيدىغان، ئوزۇق تېپىپ يەيدىغان ۋە مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان تەنھا بۆرە دالىدا ھاياتىنى ھەرگىزمۇ ساقلاپ قالالمايتتى. بۆرە كۈچۈكى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جەزمەن ياۋايى بۆرىلەر توپىغا كىرىشى لازىم. ئەمما، ئادەم قولىدا بېقىپ چوڭ قىلىنغان بۆرە خۇددى ئۆي ھايۋانلىرىغا ئوخشاش ئادەمگە بېقىنىۋالغانلىقى، ئۇنى ئاز دەپ ئۇۋ قىلىشنى بىلمىگەنلىكى، ئەڭ خەۋپلىك بولغىنى بۆرىلەر توپىنىڭ جەمەت قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۇقمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق بۆرىنى بۆرىلەر توپى ئارىغا ئالمايلا قالماستىن، ھەتتا تالاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

ۋەھالەنكى، جۇڭگولۇق بۆرە قىز لى ۋېيىي رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدى. نورغاي يايلىقىدىكى زەيكەش يەرلەر ئاللىقاچان قۇرغاقلىشىشقا، قۇملۇقلىشىشقا باشلىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇرلۇقچە ئوۋ ئوۋلاش ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىر قانچە يىللار مابەينىدە بۆرە توپىنىڭ نەسلى قۇرۇشقا باشلىدى. شۇڭا، بۆرە قىز ياراتقان بۇ رېكورت تولىمۇ قىممەتلىك. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم بۇزالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭلاشقا لى ۋېيىي بۈگۈنكى جۇڭگودا بىردىنبىر بۆرە قىز بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ شان-شەرەپ، ئەمما بۇ ئۇنىڭغا، جۇڭگونىڭ ئېكولوگىيە مۇھىتىغا، بۆرىلەر توپى ۋە باشقا ھايۋانلارغا نىسبەتەن ھەسرەت چېكىدىغان بىر ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مەن «بۆرە توپىغا قايتىش»نى ئوقۇغاندىن كېيىن، بىرىنچىدىن، بۆرە قىز لى ۋېيىي دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى بۆرە يىگىتلەرمۇ يارىتالمىغان مۆجىزىنى قانداق ياراتقاندۇ، دېگەن مەسىلىگە قىزىقىپ قالدىم. بۇ مەسىلە مەزكۇر كىتابتىكى يېڭىلىق يارىتىش ئۆزگىچىلىكىگە ئىگە بىر مۇھىم مەسىلە. بۇ كىتابتا بۆرە قىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەبلەر جانلىق، تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئۇ بۆرىنىڭ ئەركىن، جاسارەتلىك بولۇشتەك بۆرىلىك خىسلىتىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش نۇقتىسىدىن قولىدا باققان بۆرىنى ياۋايىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مەخسۇس تېخنىكىنى دادىل قوللانغان، يەنى ھەقىقىي بۆرە ئانا (ئادەم ئانا ئەمەس) قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ بۆرە كۈچۈكىنى باققان ۋە ئۇنى كۆندۈرگەن، كۈچۈك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۇنىڭدا بۆرىلىك خىسلەتنى يېتىلدۈرگەن. چېڭدۇ شەھرىدىكى مەلۇم بىر بىنانىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى مەخپىي خانا قىلىپ، بۆرە كۈچۈكىنى خالىغانچە يەپ-ئىچىشكە، ئەركىن، ۋەھشىي بولۇشقا قويۇۋەتكەن، ئۇنى ھېچقانداق قائىدە-تۈزۈم بىلەن چەكلىمىگەن. لى ۋېيىي نورغاي يايلىقىغا بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۆزىنى «ياۋايىلاشتۇرغان»، خۇددى راست ئانا بۆرىگە ئوخشاشلا كىشىلەردىن تامامەن ئايرىلغان، ياۋايى بۆرىلەر ھەرىكەت قىلىدىغان بۆرە تاغدا خېلىلا يوغىناپ قالغان بۆرە كۈچۈكى بىلەن بىللە يەپ-ئىچىپ، بىللە ئارام ئېلىپ ئۇخلاپ، بىللە ئوۋ ئوۋلاپ ياۋايى بۆرىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. راست بۆرە ياشايدىغان مۇھىتتىكى خېيىم-خەتەر ۋە ئاچ قېلىشلار ئارقىلىق بۆرە كۈچۈكىنىڭ جىسمىدىكى ياۋايىلىق گېنىنى ئويغۇتقان، ئەمەلىيەت جەريانىدا، بۆرە كۈچۈكىنىڭ مۇستەقىل يېمەكلىك تېپىشتەك ھايات قېلىش

ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن.

ئەمما، بۇ بۆرە قىزنىڭ كۈچۈكنى كۆندۈرۈش ئۇسۇلى جاپالىق ۋە ئۆزگىچە بولۇپ خەتىرى چوڭ، ئادەمنىڭ ھاياتىغا تاقىلاتتى. شۇڭا «مىلىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىش» دېگەن ئىبارە بىلەن ئۇنىڭ بۆرە بېقىش ۋە كۆندۈرۈش جەريانىنى تەسۋىرلىسەك قىلچە ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۆرە كۈچۈكى گېرىن ئۆلۈم ئاغزىدىن ئون نەچچە قېتىمدىن ئارتۇقراق قېچىپ قۇتۇلغان، بۆرە ئانىنىڭ ئۆزىمۇ كۆپ قېتىم ئەزرائىل بىلەن سۈركىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن. مېنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرگەن ۋە قايىل قىلغان يېرى شۇكى، بۆرە قىز كەينى-كەينىدىن كەلگەن ئۆلۈم تەھدىتى ئالدىدا چىشىنى چىڭ چىشلەپ، بەرداشلىق بەرگەن، چېكىنمىگەن، يۇمشاقلىق قىلمىغان؛ پەقەت «ياشاش»نىلا ئەمەس، ئەركىن تۇرمۇشنى كۆزلىگەن؛ شەھەرلىك ھايۋانات باغچىسىغا چېكىنىپ كېتىشنى ئەمەس، بەلكى «كۈچۈكنى تەربىيەلەپ، چوڭ بۆرىگە ئايلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت ئانىلىق مۇھەببىتىنىڭ كارامىتى ئارقىلىق، بۆرە كۈچۈكنى خەتەرلىك، ئېچىنىشلىق مۇھىت ئىچىگە قويۇپ، ھەقىقىي ياۋايى بۆرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ھەمدە ئۆزىنىڭ قانداش ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئارىسىغا ئاپىرىۋېتىشنى كۆزلىگەن. مېنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، بۆرە قىز بۆرە كۈچۈكنى كۆندۈرۈشكە شەخسەن ئۆزى باشتىن-ئاياغ قاتنىشىپلا قالماستىن، ھەتتاكى بۆرە توپى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ «بىرەر ۋاقىلىق تامىقى» بولۇپ كېتىش ئېھتىماللىقىغىمۇ مەنىۋى جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويغان. زامانىمىزدىكى جۇڭگودا بىر ياش قىزنىڭ بۆرىنى شۇنچىۋالا سۆيگەنلىكى ۋە ھۆرمەتلىگەنلىكى، بۆرە بىلەن ئەركىنلىكنى شۇنچىۋالا قىزغىن سۆيگەنلىكى، ئۇنىڭدا شۇنچىۋالا ئەركىنلىك ئىرادىسى ۋە جاسارىتىنىڭ بولغانلىقى مەندە بىر «قېرى بۆرە»نىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىدى.

بۆرە قىزدا بۆرىچە جاسارەت بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۆرىچە ئەقىل-پاراسەتمۇ بار، بۇ مېنى ھەيران قالدۇرغان يەنە بىر تەرەپ، شەھەرنىڭ ئۆيلىرى تار بولغاچقا، بۆرە كۈچۈكنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ئەركىنلىكى ۋە ياۋايىلىقى بوغۇپ قويۇلغاندى. يەنە بۆرە ھۇۋلىغانلىقى ئۈچۈن پاش قىلىنغاچقا، لى ۋېيىي ئاخىر بۆرە كۈچۈكنى ئېلىپ چېگىدۇ شەھىرىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان، كۈچۈكنى بىرەر دوستى ئاچقان زاگىزۇ ئىتلىرىنى كۆندۈرۈش مەيدانىغا ئاپىرىپ كۆندۈرۈشكە ئىرادە باغلىغان. بۇ دەل بۆرە كۈچۈكى ئىككى ئايلىق بولغان چاغلار ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، بۆرە كۈچۈكنى ئۇنىڭ تەبىئىي رەقىبى زاگىزۇ ئىتلىرى بار يەرگە ئاپىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتىم.

ھالبۇكى، بۆرە قىز خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۇل قىلىپ، بۆرە كۈچۈكنىڭ زاگىزۇ ئىتلىرىنىڭ غالجىر چىشىدا تالىنىپ ئۆلۈپ كېتىشتەك خەۋپكە قارىماي، بۆرە كۈچۈكنى ئاشۇ ياۋۇز ھايۋانلار ئىچىدە ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ھىماتچى تېپىش، بويسۇنغانلىق ھەققىدىكى بەدەن تىلىنى قانداق ئىپادىلەش، زاگىزۇ ئىتلىرى بىلەن تالىشىپ قالغاندا ئەقىل-پاراسەت ئىشلىتىش، جاسارەتلىك بولۇش، ھەتتا ئۇلارنى ئانىي تېپىش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئاخىرىدا، توپلىشىپ ياشايدىغان بۆرە كۈچۈكى ئويلىمىغان يەردىن «دۈشمەننى دوست قاتارىدا كۆرۈش، يەنى زاگىزۇ ئىتلىرى بىلەن ھايات-ماماتلىقتا بىللە بولۇشتەك سەپداشلىق مۆجىزىسىنى ياراتتى، كىشىلەرنى باتۇرلۇق، ئەقىل-پاراسەت، تىز پۈككەسلىكتىن ئىبارەت بۆرىلىك خىسلەتكە قارىتا يېپيېڭى، ئەجايىپ تونۇشقا ئىگە قىلدى. ئىشنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۆرە قىز گەرچە ئامالسىزلىقتىن تەۋەككۇلچىلىك قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۆرە كۈچۈكنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا توغرا ھۆكۈم قىلغانىدى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى تەۋەككۇلچىلىكنى يۇقىرى ئەقىل بۆلۈنمىسىنىڭ نەتىجىسى، دەپ ھېسابلاش كېرەك. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەقىللىق، زېرەك بۆرە كۈچۈكنىڭ ياۋۇز زاگىزۇ ئىتلىرى توپىغا كىرىشتە ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئېرىشكەن تەجرىبىلىرى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بۆرىلەر توپى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىدا باشقا كۆندۈرۈش ئۇسۇللىرى ئورنىنى ئالالمايدىغان مۇھىم رول ئوينىغان.

بۆرە قىز يازغان ئاجايىپ كىتاب — «بۆرە توپىغا قايتىش» جۇڭگونىڭ بۆرىنى ۋەھشىي ھايۋان دەپ قارايدىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا زور مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە. مەزكۇر كىتاب مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىي پاكىت ۋە ئەمەلىي كۆرۈنۈش

سۈرەتلىرى ئارقىلىق، بۆرىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر
قىلىشى تەس بولغان دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان پەزىلىتىنى
نامايان قىلىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىدىكى بۆرىنىڭ
ۋەھشىي، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ھايۋان دەپ ھېسابلىنىد-
غان ئوبرازىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. مەن شۇنى كېسىپ ئېيتە-
مەنكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇقلار خېلى يوغى-
ناپ قالغان بۆرە كۈچۈكىنىڭ قوي ياكى توشقان يېگەندە
ئۇنىڭ بىر پۇتىنى ئۈزۈنىڭ بۆرە ئانىسىغا ئېلىپ قويىدىغان-
لىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ؛ بۆرە ئانا ئاغرىپ يېتىپ قالغان-
دا، بۆرە كۈچۈكى كېچە-كۈندۈز دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ،
بۆرە ئانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئۆزى ساقلاپ
قويغان ياۋا توشقاننىڭ گۆشى بىلەن بۆرە ئانىسىنى باقى-
دۇ. بىر قېتىم ئۈچ ۋەھشىي زاڭزۇ ئىتى بۆرە ئانىنى
قوغلاپ كېلىپ چىشلىمەكچى بولغاندا، قىلچە ئىككىلەنمەس-
تىن ئېتىلىپ كېلىپ بۆرە ئانىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ، قانلىق
جەڭ قىلىشتىن يانمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كۆپ يېرى
يارىلىنىپ قالىدۇ. يايلاقتىكى بۆرە تېغىدا قېلىن قار يوللار-
نى توسۇۋېلىپ ئاشلىق ۋە ياردەم ئۈزۈلۈپ قالغاندا، بۆرە
كۈچۈكى كېچە-كۈندۈز ئوۋ ئوۋلاپ ئاران تەستە ئېرىش-
كەن ئوۋنى بۆرە ئانا بىلەن تەڭ يەيدۇ... لى ۋېيبى ئايال-
لارغا خاس نازاكەت، نەپىس ئۇسلۇب، چوڭقۇر ھېسسىيات
بىلەن ئۆزىنىڭ بۆرە كۈچۈكى گېرىنغا بولغان مۇھەببىتىنى
تەسۋىرلىگەن. بۇ «بۆرە توپىغا قايتىش»نىڭ ئادەمنى
ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان يېرى، مەن ھەر بىر جۇڭگولۇق
ئاتا-ئانىلار ۋە باللارنىڭ بۇ روماننى ئوقۇپ قويۇشىنى
ۋە مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. كىتابتىكى
ھەققىي ئادەم، ھەققىي ئىشلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر
جۇڭگونىڭ بۆرىنى ۋەھشىي ھايۋان دەپ قاراشتىن ئىبا-
رەت ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنىڭ قانچىلىك ساختا ئىكەنلىكى
ۋە نادانلىق بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقىنى، ئەۋلادلارنى تۈيۈق
يولغا باشلايدىغانلىقىنى، مىللەتنىڭ قىممەت يۈزلىنىشىنى
خاتالىققا يېتەكلەيدىغانلىقىنى دەللىلەيدۇ.

«بۆرە توپىغا قايتىش»نىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى
قىممىتى تېخىمۇ زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ جۇڭگو-
نىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۆتۈرۈلگەن بۆرە مەدەنىيىتى
قىزغىنلىقىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەپ، كۈچلۈك مەدەنى-
يەت بەرپا قىلىش ئىشىغا يېڭى تۆھپە قوشتى.

نۆۋەتتە، دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسى-
دىكى رىقابەت ئاللىقاچان مەدەنىيەت جەھەتتىكى رىقابەتكە
ئۆتۈشتەك ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا قەدەم قويدى. گەرچە،
پۈتكۈل دۇنيا ئېلىمىزنىڭ ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، ھەربىي
ئىشلار قاتارلىق تەرەپلەردە كۈچىيىۋاتقان ۋەزىيەتتە تۇرۇ-
ۋاتقانلىقىنى بىردەك ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئېلى-
مىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى ۋە تەسىر
كۆرسىتىش كۈچى تېخى ناچار ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئا-
جىزلىقىنى پەرقلەندۈرۈش ھەمدە كۈچىيىۋاتقان مەدەنىيىتى-
نى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش — جۇڭگونىڭ تەق-
دىرىگە مۇناسىۋەتلىك جىددىي تۇتمىسا بولمايدىغان زور
ئىش. ھالبۇكى، بۆرە مەدەنىيىتى ھەممە كىشىلەر بىلىدىغان
بىر خىل كۈچلۈك مەدەنىيەت، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت
پسىخىكىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، «بۆرە كەلدى» دېگەن
سۆزنىڭ تەسىر كۆرسىتىش كۈچى «يولۋاس كەلدى»،
«شىر كەلدى» دېگەن سۆزنىڭ تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە
قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ.

دۇنيا تارىخىدا، بۆرە مەدەنىيىتى نۇرغۇن كۈچلۈك
مىللەتلەرنىڭ يادرولۇق مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىرى
بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى دەۋرلەردە بۈيۈك موڭغۇل ئىم-
پېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسى ئەڭ چوڭ ئىدى. ئۇنىڭدىن
قالسىلا رىم ئىمپېرىيەسى تۇراتتى. شۇنداقلا ياۋروپا، ئاسى-
يا ۋە ئافرىقىنى بويسۇندۇرغان ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنى
بۆرىگە چوقۇنىدىغان مىللەتلەر بەرپا قىلغانىدى. گەرچە،
غەرب ئەللىرىدە خرىستىيان دىنى، جۇڭگودا كۇڭزىچىلىق
گۈللەنگەن مەزگىللەردە بۆرە مەدەنىيىتى جىن-ئالۋاستىغا
ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان ھەمدە ئومۇمىيۈزلۈك قامال قىلىن-
غان بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەتنىڭ قايتا گۈللىنىش باسقۇ-
چىدىن كېيىنكى ئەركىن دېموكراتىيە روھى باش كۆتۈر-
گەن دەۋرگە كەلگەندە، بۆرىنىڭ ئەركىن، قەيسىرانە رىقا-
بەتلىشىش روھى يېڭىباشتىن قەدىرلىنىشكە، بۆرە مەدەنىيى-
تى يەنە باش كۆتۈرۈپ بارا-بارا گۈللىنىشكە باشلىدى.

بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى
دۆلەت — ئامېرىكا دەل بۆرە مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرى-
جىدە تەرەققىي تاپقان دۆلەت. ئۇ رىمنىڭ بۆرە روھى ۋە
شىمالىي ياۋروپادىكى مىللەتلەرنىڭ بۆرە روھى مەدەنىيىتى-

گە ۋارىسلىق قىلدى. سانائەتلىشىش دەۋرىدە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئامېرىكا زېمىنىدىكى ھىندىيانلارنىڭ قويۇق، مول مەزمۇنغا ئىگە بۆرىگە چوقۇنۇش مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى. مۇشۇ ئاساستا دۇنيادا ئەڭ گۈللەنگەن بۆرە مەدەنىيىتى بەرپا قىلىندى، ئامېرىكا روھى ۋە خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسەتكەن بۆرە مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەسەرلەر تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، «ئادەم بىلەن بۆرە»، «بۆرە شاھى روپ ھەققىدە ھېكايە»، «دالىدىكى چوقان»، «قار يولۋسى»، «دېڭىز بۆرىسى» قاتارلىق رومانلار، كىنو فىلىملەردىن «بۆرە ئامېرىكىنى ئۆزگەرتتى»، «بۆرە خۇمار» (بۇ فىلىم ئوسكار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) ۋەھاكازلار.

ئەركىن، مۇستەقىل، قەيسىرانە رىقابەتلىشىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسىدىغان بۆرە روھى ئامېرىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندىكى كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشىدا زور رول ئوينىغان. چۈنكى، ئامېرىكىنىڭ ئەركىن ئالغا باسىدىغان بۆرە روھى ماھىيەتتە كاپىتال روھى، بازار روھى، كارخانا روھى، شۇنداقلا مىللەتنى گۈللەندۈرۈش روھى دېگەنلەر بىلەن ئۆزئارا ئوخشىشىدىغان روھ، ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان روھلاردۇر. بۈگۈنكى كۈندە، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت توقۇنۇشىدا ئامېرىكا مەدەنىيىتى بەئەينى بۆرىگە ئوخشاش كۈچلۈك ئورۇننى ساقلاپ، جۇڭگونىڭ رېژىسسورلۇقنى «بۆرە كەلدى» دەپ ۋارقىراشقا مەجبۇرلىماقتا.

ئۇنداقتا، مەدەنىيەت جەھەتتە ئاجىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان جۇڭگو قانداق قىلىشى كېرەك؟ بىردىنبىر چىقىش يول شۇكى، بىز يەنىلا زېھنىمىزنى، مالىيە كۈچىمىزنى فېئودال، چىرىك، يۆلىنگىلى بولمايدىغان، ھاياتىي كۈچى يوق مەدەنىيەتكە سەرپ قىلماستىن، بەلكى ئامېرىكىنىڭ ھىندىيانلارنىڭ بۆرە مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئۆز زېمىنىدىكى كۆچمە مىللەتلەرنىڭ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بۆرە مەدەنىيىتى بايلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگوچە بۆرە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم. ۋەھالەنكى، «بۆرە توپىغا قايتىش» ناملىق كىتاب جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى يايلاقتا ئاپىرىدە قىلىنغان، بۆرە ھەققىدە يېزىلغان كىتاب بولۇپ، جۇڭگونىڭ كۈچىيىۋاتقان مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا ئالاھىدە تۆھپە قوشقۇسى. بۇ يەردە مەن «بۆرە توتېمى»نى ئوقۇغان مىليونلىغان جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرىنىڭ «بۆرە توپىغا قايتىش»نى ئوقۇشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن، ئۇ سىزنى جۇڭگونىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۆرە مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار چوڭقۇر قاتلاملىق ئىلھامغا ئىگە قىلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا دەيدىغىنىم شۇكى، «قېرى بۆرە» بۆرە قىز ۋە ئۇنىڭ قەدىناس دوستى يى فېڭغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ؛ سىلەر مېنى جۇڭگولۇقلارنىڭ بۆرىنى قۇتقۇزغانلىقى ۋە قويۇپ بەرگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىدىن تۇنجى قېتىم خەۋەردار قىلدىڭلار؛ ئەينى يىللاردا مەن باققان بۆرە كۈچۈككە تامامەن ئوخشايدىغان بۆرە كۈچۈكى گېرىننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدىڭلار؛ بۆرە كۈچۈكى بىلەن ئاتا-باللارچە ئۆتكەن يېقىن ھەم جاپالىق كۈنلەرنى ئېسىمگە سالدىڭلار؛ ياش چاغلىرىمدىكى بۆرە كۈچۈكىنى دالىغا قويۇۋېتىشتىن ئىبارەت ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم قىلدىڭلار؛ بۆرە جەمەتىگە بولغان قەرزىمنى قىسمەن بولسىمۇ قايتۇردۇڭلار؛ جۇڭگونىڭ بۆرە مەدەنىيىتىنىڭ ئىزباسارلىرىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدىڭلار.

«قېرى بۆرە»، «بۆرە توپىغا قايتىش»نىڭ پۈتۈن جۇڭگوغا تارقىلىشىنى، ئاسىيادىن ھالقىپ چىقىپ كېتىشىنى، شۇنداق قىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا دۇنيا مىقياسىدا ئۇزاققىچە ھۆۋلايدىغان ئىككىنچى جۇڭگو بۆرىسى بولۇپ قېلىشىنى تىلەيمەن.

2010- يىلى 4- ئاينىڭ 2- كۈنى

تەرجىمە قىلغۇچى: **قاسىمجان ئەخمىدى ئۆملۈك**

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بېيجىڭ ئوتتۇرا يولى 449 - نومۇرلۇق قورۇ، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى

www.uyghurkitap.com



غالىپ بارات ئەرك

# كروران شەھىرى قانداق ۋەيران بولغان؟

كروران شەھىرى قەدىمىي تارىخ ۋە پارلاق مەدەنىيەتنىڭ بەلگە تېشى، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ئابىدىسى. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، شۇنداقلا يۇرتىمىزدىكى ئەزىم دەريالار تارىم، كۆنچى ۋە چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئېقىپ كېلىشىدىن ئاپىرىدە بولغان لوپ كۆلىنىڭ بويىغا جايلاشقان. ئارخېئولوگىيەنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇنىڭدىن 6000ـ 7000 يىللار ئىلگىرى يەنى سىپتا تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ ئىنسانلار لوپ رايونىدا ياشىغان ھەمدە تەدرىجىي شەھەر بەرپا بولغان، كروران شەھىرى ئەنە شۇنداق تەرەققىيات نەتىجىسىدە بۇنىڭدىن 2200 يىللار بەلكىم، ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن بەرپا قىلىنغان، كرورانلىقلار مۇشۇ شەھەرنى مەركەز قىلىپ ئۆز خانلىقىنى قۇرۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. بۇ ھاكىمىيەت — كروران خانلىقى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى لوپ كۆلى ئەتراپلىرىنى مەركەز قىلغان كروران ۋە چاقىلىق ناھىيە بازىرىنى (مىرەن بوستانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەركەز قىلغان چەرچەن خانلىقىغا پارچىلانغان. مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەرچەن خانلىقى كروران خانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى مۇھىم ھەم چوڭ

## مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە قەدىمىي شەھەرلىرىمىز

خانلىقنىڭ بىرىگە ئايلانغان. تېررىتورىيەسى ھازىرقى نىيە، چەرچەن، چاقىلىق ناھىيەلىرىنى ۋە لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچلۈك ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ ئۇدۇن خانلىقى بىلەن چېگرالىنىپ باراۋەر تۇرغان. تەتقىقاتلاردىن كروران - چەرچەن خانلىقىنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن كۆپ مۇكەممەل ھاكىمىيەت ئىكەنلىكى، مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈمى، ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى، ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى بارلىقى ئايان بولماقتا.

كروران — چەرچەن خانلىقىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەركىزى بولغان كروران شەھىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا جايلاشقان. شەھەرنىڭ شەرق تەرىپى غاشۇن قۇملۇقى، شەرقىي جەنۇبى لوپ كۆلى ۋە قۇمتاغ قۇملۇقى، شىمالىدا قۇمتاغ قۇملۇقى بار، باشقا تەرەپلىرىدە تارىم ۋە كۆنچى دەرياسى ھاسىل قىلغان ئۈچ بۇرجەك رايون بولۇپ، ئىككى دەريانىڭ ئېقىنى ھاسىل قىلغان كۆللەر ۋە چاتقاللىقلاردىن ئىبارەت. كروران چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىگە، شۇنداقلا شۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى لوپ كۆلىگە يېقىن جايلاشقان. تارىختىكى لوپ كۆلى كۆنچى ۋە تارىم دەريالىرىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى بولغان، كروران شەھىرى ۋە كروران خانلىقى مانا مۇشۇ ئىككى دەرياسىنىڭ تۆۋەن قىسمىنى مەركەز قىلغان ھالدا قۇرۇلغان. كۈنىمىز-

دە كروران شەھرى دەپ تونۇلۇۋاتقان قەلئە شەرقىي مېرىدىيان ″22´89.55، شىمالىي كەڭلىك ″55´40.29 قا جايلاشقان. بۇ قەلئە سېپىلىنىڭ شەرقىي تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 333.5 مېتىر، جەنۇب تەرىپى 329 مېتىر، شىمالىي ۋە غەرب تەرەپلىرى 327 مېتىردىن بولۇپ ئۆلچەمسىز كىۋادراتقا ئوخشايدۇ، كۆلىمى 108 مىڭ 240 كىۋادرات مېتىر، مانا بۇ قەلئە كروران شەھرىنىڭ مەركىزى بولۇپ شەھەر رايونىدىكى ئىزنالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى كۈچلۈك شەرقىي شىمال بورىنى يېمىرىپ ئۇچۇرتىپ يوق قىلغان، شۇ ۋەجىدىن كۈنىمىزدە بايقالغان تارىخىي ئىزلار ئېگىز جايلاردىلا ساقلىنىپ قالغان، ئەسلىدىكى تەكشىلىك شامال تەسىرىدە تۆت - بەش مېتىر ئويۇلۇپ كەتكەن. كروران شەھرىنىڭ يۇقىرىقى مەركىزىي قەلئەسى لوپ كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ كۆل بىلەن ئارىلىقى 28 كىلومېتىر، چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 220 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، كۆنچى دەرياسى بىلەن ئەڭ يېقىن ئارىلىقى 16 كىلومېتىر. كرورانىنىڭ قاچان قۇرۇلغان شەھەر ئىكەنلىكىدە مەلۇمات يوق. لېكىن پاكىتلارغا ئاساسەن بۇ شەھەرنىڭ مىلادىيەنىڭ خېلى بۇرۇنلا قۇرۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا ھەقلىقمىز. ئەمما بىر بۆلەك ئالىملار كروران شەھرىنى مىلادىيىنىڭ بېشىغا مەنسۇپ، دەپ قاراپ كەلمەكتە. پىروفېسسور خۇاڭ شېڭجاڭ كروران توغرۇلۇق كۆپرەك ھەم ئەتراپلىق تەتقىقات يۈرگۈزگەن. ئۇ، كروران شەھرىنىڭ يەر يۈزىنىڭ شامال تەسىرىدە بەش مېتىردەك ئويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، ھازىرقى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، جەھەلىدىن يەر يۈزىدىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملارغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتكەن. كروران شەھرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلىدىكى شەھەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. يەر يۈزىدىن يىغىۋېلىنغان ئازغىنە ئەۋرىشكە ئارقىلىق بىر شەھەر دەۋرىنى بېكىتىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى «يەر تەكتىدىن قېزىپ تەكشۈرۈش تەلەپچانلىق بىلەن ئېيتقاندا قانات يايدۇرۇلمىدى.» [1] شۇڭا ئېيتماق ھاجەتكى، كروران شەھرى ۋە ئەتراپلىرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تېخى يېتەرلىك بولمىدى. ئومۇميۈزلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈش بولغىنى (بىر قانچە قەدىرىستانلىق قېزىلغاندىن باشقا)، يەر قاتلاملىرى قېزىپ تەكشۈرۈلگىنى يوق، پەقەت مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تىزىمغا ئېلىش مۇھىم ئىش تەرتىپى بولۇپ تۇرماقتا. كروران رايونىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈشنىڭ كەم بولۇشى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى جاۋابسىز قالدۇرۇش بىلەن بىللە، ھەر خىل پەرەزلەرگە يول ھازىرلىماقتا. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىكى ۋەقەلەرگە چېتىلغان كروران، لوپ كۆلگە يۈزلىنىپ تۇرىدىغان شەھەر [2] شۇنداقلا كروران دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر»دىكى مانا مۇشۇ ئۇچۇرغا ئاساسلىنىپ، بۇ شەھەرنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا قۇرۇلغان بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ شەھەر ئەتراپىدىكى ئۈچ بۇرجەك رايون يەنى كۆنچى دەرياسى پەيدا قىلغان بوستانلىقلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋردە، كېيىن دېگەندىمۇ ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئورنى ئىدى. مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندا ئىنسانلار مىلادىيەدىن بۇرۇنلا كروران ئەتراپلىرىدا كۆچۈم ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈپ، تەدرىجىي كروران شەھرى بارلىققا كەلگەن.

كرورانىنىڭ ۋەيران بولغان دەۋرى ھەققىدە بىر قەدەر ئومۇملىشىۋاتقان قاراش مىلادىيە 4 - ئەسىر يەنى 330 - يىللار ئەتراپى دېگەندىن ئىبارەت، بۇنىڭ دەۋر ئۆلچىمى مانا مۇشۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان خەنزۇچە يادىكارلىقلارنىڭ خاتىرىلەنگەن ئەڭ ئاخىرقى يىل چېكىنىڭ 330 - يىلى بولغانلىقى ۋە قەلئەنىڭ غەربىي رايونىدىن تېپىلغان ياغاچ ئەۋرىشكىسىنىڭ كاربون 14 تەجرىبىسىدىن بىلىنگەن يىل دەۋرىنىڭ 1950 - يىلدىن 1865±80 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكىگە ئاساسەن، شەھەرنى مىلادىيە 25 - يىلىدىن 376 - يىللىرىغىچە مەۋجۇت بولغان [3]، دەپ قارىغان. چەرچەن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت يېزىقلىق رولىنى ئوينىغلى بىر ئەسىردىن ئاشقان قارۇشتى يېزىقمۇ قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تۇيۇقسىز يوقالغان، بۇمۇ بىر تارىخىي سىر بولۇپ قالغان. ناۋادا خەنزۇچە يادىكارلىقنىڭ يىل چېكىنى شەھەرنىڭ ۋەيران بولغان ۋاقتى دېسەك، مۇشۇ مەنتىقە بويىچە بولغاندا، قارۇشتى يېزىقنىڭ يوقىلىشىنى نېمىنىڭ دەۋر چېكى قىلىمىز؟ پىروفېسسور خۇاڭ شېڭجاڭ يازغان، راھىب فاشيەننىڭ 400 - يىلى قاراشەھەرگە بېرىشىدا ئۆتكەن چەرچەن شەھرىنىڭ باشقا

جاي ئەمەس دەل كروران ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قارىشى
[4] ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا مۇشۇ
قاراش ئىسپاتلانسا، 400 - يىلى ئەتراپىدا كروران شەھە-
رى ئىنتايىن گۈللەنگەن، يەنى 4000 دىن ئارتۇق ھىنايانا
راھىبى بار [5] بىر چوڭ شەھەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ تۇر-
غۇزۇشقا ئېلىپ بارىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا 6 - ئەسىرنىڭ
ئاخىرى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك ئاندىن كروران شەھە-
رى ۋەيران بولغان بولىدۇ. 445 - يىلى خاقان بەگرۇك
كروران ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى باشلاپ سارمادان (ھازىرقى
چەرچەن) شەھىرىگە قاراپ كۆچكەنلىكىنى ئالساق، شۇ ۋا-
قىتتا كەم دېگەندىمۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېرىمى 4000 ئا-
ئىلىدەك نوپۇسنىڭ قالغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. ئارخېئو-
لوگلار شەھەر خارابىلىرىدە بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە مال
ئېغىلى قىلىپ پايدىلانغانلىقىنى بايقىغان. 10 - ئەسىردىكى
كىشىلەرنىڭ ئەسلىرىدە «روروۋناتا» دېگەن جاي نامىنىڭ
ساقلىنىپ قېلىشى، بۇ رايوندا كرورانلىقلارنىڭ مەلۇم ساد-
دىكى ئاھالىسىنىڭ خېلى مەزگىل ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ
بېرىدۇ، مانا بۇلار پەقەت كروران شەھىرى ئەتراپلىرىدا
ھاياتلىقنىڭ تاكى 10 - ئەسىرگىچە ئۈزۈلمىگەنلىكىنى كۆر-
سەتسىمۇ شەھەرنىڭ شەھەرلىك ھالىتىنىڭ كېيىن دېگەندە-
مۇ 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاخىرلاشقانلىقىنى جەزملەشتۈ-
رەلەيمىز.

كروران شەھىرى قانداق سەۋەب بىلەن ۋەيران
بولغان؟ بۇ ھەقتە ئالىملارنىڭ قاراشلىرى ھەر خىل، جۇغ-
لىمىدىن يىپەك يولىنىڭ ئۆزگىرىشى دەريانىڭ ئېقىن يۆتكە-
شى، ياتلارنىڭ تاجاۋۇزى، كىلىماتنىڭ قۇرغاقلىشىشى، تۇپ-
راقنىڭ شورلىشىشى... دېگەنگە ئوخشاش، بۇ ھەقتە چوڭ-
قۇرلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق، كرورانىنىڭ
يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىكەنلىكىدە شەك يوق،
ئەمما يىپەك يولى بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىردىنبىر ھاياتلىق
يولى ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قاراشنى قەتئىي رەت قى-
لىمىز. كرورانلىقلار ئەمەلىيەتتە يىپەك يولىغا تايىنىپ ياشى-
غان بولماستىن، ئۆزىنىڭ ناتۇرال ئىگىلىكى بىلەن ھايات
كەچۈرگەن، ناۋادا كرورانلىقلارنىڭ ھايات - ماماتىنى
يىپەك يولىغا باغلاپ قويساق، شۈبھىسىزكى كروران خاس
بىر ئۆتەك بولۇشى كېرەك. لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك تەك-
شۈرۈش ۋە تېپىلمىلار، يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىدىغان
بولساق، كرورانىنىڭ بىر ئۆتەك ئەمەس، بەلكى پۈتۈن
سۈرۈك شەھەر ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ. يىپەك يولى
گەرچە كرورانىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا بەلگىلىك تەسىر
پەيدا قىلسىمۇ، ھەرگىزمۇ شەھەر مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئالدىنقى
شەرتى ئەمەس ئىدى. ياتلارنىڭ تاجاۋۇزى مەسىلىسىنى
يازمىلاردىن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى كۆرۈشىمىز
مۇمكىن، لېكىن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان بۇ
شەھەرنى تالاشقۇچى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەلىك
ئورنىنى ئويلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلە-
شىدە ئۇنى باقىدىغان ئىشلەمچى ئاھالىنىڭ بولۇشى
زۆرۈر. يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى نۇقتىسىدىن قارىغاندا
ھۇنلار، سىيانپىلار، رورانلار، سۈپىسلارنىڭ كروران رايو-
نىغا ئىلگىرى - كېيىن تاجاۋۇز قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتى-
رىلەر بار، بۇلارنىڭ ھېچ بىرىدە ئاھالىنى قىرغىن قىلىپ
تۈگەتكەنلىكى ياكى يۇرت - ماكانىدىن ھەيدىۋەتكىنى توغ-
رۇلۇق ئۇچۇر يوق، شۇڭا بۇ قاراشنى قوللىيالمايمىز. تۇپ-
راقنىڭ شورلىشىشى كرورانىڭ ۋەيران بولۇشىدا ھەل
قىلغۇچ رول ئويىنيالمايدىغىنى ئېنىق، چۈنكى، بۇ يەردى-
كى ئاھالىلەر بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىقنى تەڭ
ئېلىپ بارغان، چارۋىچىلىقمۇ مۇئەييەن نىسبەتنى ئىگىلى-
گەن، ئۇيغۇرلاردا ھازىرغىچە شورنى ئېقىتىپ تۇپراقنى
ياخشىلاش ئادىتى ساقلىنىپ قالغان، بۇ خىل ئۇسۇل قەدى-
مىي ئادەتلەردىن قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئېيتالاي-
مىزكى، تۇپراقنىڭ شورلىشىپ كېتىشى بۇ شەھەرنىڭ تاشلى-
نىپ قېلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولالمايدۇ. ناۋادا
دەرياغا يېقىن جايلار شورلاشسا مۇئەييەن ئارىلىق تاشلاپ
تېرىلغۇ ۋە يۇرتنى بەرپا قىلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى،
بۇ ئۇسۇل ياقا - يۇرتلارغا كۆچۈپ مۇساپىر بولغىنىدىن
كۆپ ئاسان ۋە مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ
شەھەر قانداق سەۋەب بىلەن خاراب بولغان؟

قۇرغاق رايوننىڭ ھايات - ماماتىنى بەلگىلەيدىغان ئا-
مىلنىڭ سۇ ئىكەنلىكىنى ھېچ كىشى ئىنكار قىلمايدۇ، دەريا -
ئېقىندىن كېلىدىغان سۇ ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى كۆنچى
دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا جايلاشقان كروران رايونىنىڭ
خارابىلىشىشىدا ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇشى ئېھتىمالغا ناھا-
يىتى يېقىن. كروران شەھىرىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى — سۇ
پەقەت كۆنچى دەرياسىدىن كېلىدۇ، گەرچە تارىم ۋە

چەرچەن دەريالىرىنىڭ بۇ رايونغا ئېقىپ كېلىش ئىمكانىيە-
تى بولسىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدۇ. تارىم دەريا-
سى جەنۇبقا ئېقىپ چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە قارا
بوران ۋە قاراقوشۇن كۆللىرىنى ھاسىل قىلغان، چەرچەن
دەرياسى شەرققە ئېقىپ قارابوران كۆلىگە قۇيۇلغان. سۇ
تازا كۆپەيگەن يىللاردىلا تارىم دەرياسى ھاسىل قىلغان
قاراقوشۇن كۆلىدىن ئېقىپ چىققان سۇ 40 نەچچە كىلومې-
تىر ئېقىپ ئاندىن لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان. قاراقوشۇن كۆلى-
دىن چىققان ئېقىننىڭ لوپ كۆلىگە قۇيۇلۇش ئورنى بىلەن
كروران شەھرىنىڭ ئارىلىقى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.
يەنە كېلىپ بۇ ئېقىن مۇقىم ئەمەس. پەقەت سۇ ئالاھىدە
كۆپەيگەن يىللاردىلا ئاندىن بۇ ئېقىندا سۇ بولىدۇ، شۇڭ-
لاقلا كروران شەھرىگە باشلاپ كېلىش بەسى مۈشكۈل
ئىدى. تارىم دەرياسى پەقەت كونچى دەرياسىغا قوشۇلۇپ
ئېقىپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلسا رولى ئىنتايىن چوڭ بولاتتى.
جۇغراپىيەلىك ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، كروران شەھرى-
نىڭ ۋەيران بولۇشىدا كونچى دەرياسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلى-
شى (ئېقىننىڭ قىسقىرىشى)، ئېقىن يۆتكىشى بىردىنبىر ئامىل
ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە تارىم ۋە كونچى دەرياسىنىڭ سۈيى-
نىڭ ئېقىپ كېلىش ياكى كەلمەسلىكى كروراننىڭ مەۋجۇد-
يىتىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭدا 1 - ئامىل سۇنىڭ كونچى
دەريا ئېقىنى بىلەن ئېقىپ كېلىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا
ئېيتىش مۇمكىنكى، مۇشۇ ئىككى دەريا توغرىراقى كونچى
دەرياسى كروراننىڭ ھاياتلىق مەنبەسىدۇر. ئەمما شۇنى
ئېيتماي مۇمكىن ئەمەسكى، مەيلى تارىم ياكى كونچى
بولسۇن چوقۇم كونچى دەرياسىنىڭ ئېقىنى بىلەن ئېقىپ
لوپ كۆلىگە قۇيۇلۇشى كېرەك. ئەمدى مۇشۇ ھەل
قىلغۇچ ئىككى دەريا شۇ ۋاقىتلاردا زادى ئېقىن يۆتكىگەن-
مۇ، ئېقىنى قىسقىراپ كەتكەنمۇ؟ بۇنى كۆرسىتىپ بېرىدى-
غان يازما ئۇچۇرلار ساقلانمىغان. بەزى تەتقىقاتچىلار،
دەريا ئېقىننىڭ قىسقىرىشىنى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
پائالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان [6] دەيدۇ. بۇنى كونكرېت-
راق ئېيتقاندا، تارىم ۋە كونچى دەريا ۋادىلىرىدا تېرىقچى-
لىق كۆلىمى زورىيىپ بۇ يەرگە ئېقىپ كېلىدىغان سۇنى
توسۇپ قالغانلىقتىن، دەريا ئېقىنى قىسقىراپ كرورانغا كېلى-
دىغان سۇ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن ۋەيران بولغان [7] دەپ
قارالغان. بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار، ھازىرقى ھا-
لەتكە قاراپ ئەينى دەۋر تارىخىنى قىياس قىلغان. بۇ جە-
ھەتتىن شياشۇنچېلىڭ، فەن زىلىلارنىڭ تەتقىقاتىتىكى مۇنۇ با-
يانلىرىنى ئەسلىتىش كۇپايە قىلسا كېرەك. «ئازادلىقتىن
كېيىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 1949 - يىلىدى-
كى 10 مىليون 600 مىڭ مودىن 1980 - يىلىغا كەلگەندە
19 مىليون 300 مىڭ موغا كۆپەيگەن، ساپ كۆپەيگەن
كۆلەم 8 مىليون 700 مىڭ مو. بۇ يېڭى ئېچىلغان بوز يەر
كۆپىنچە ئەسلىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ چەت ياقىلىرىغا
جايلاشقان. ئەسلىدىكى بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى زور دە-
رىجىدە كېڭەيگەن. مۇشۇ كۆپەيگەن تېرىلغۇلارنى سۇغى-
رىش ئۈچۈن ئېرىق چېپىلغان، دەريادىن تارتىلغان سۇلار
سۇغىرىش تەلىپىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، ئەتىيازدا تېرىلغۇ-
دىكى قۇرغاقچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئېقىنلارنى
تەكشەپ سۇ ئامبارلىرى قۇرۇلغان. پۈتۈن ئويمانلىقتا
چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرىدىن 206
سى قۇرۇلغان، سۇ سىغىمى 30 مىليارد 800 مىليون كۇب
مېتىرغا يەتكەن. تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىدىلا چوڭ
ياكى ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبىرىدىن 19ى قۇرۇلدى.، ئو-
مۇمىي سىغىمى 920 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكەن.» [8]
مانا بۇلار، 1980 - يىلىغىچە بولغان مەلۇمات، بۇ ۋاقىتتا
تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى داشكۆل سۇ
ئامبىرى بولغان، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى 300 كىلومېتىر-
دىن ئارتۇق قىسقىراپ كەتكەن. 1949 - يىلى جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 3 مىليون 39 مىڭ 400
ئىدى. 1982 - يىلى كەلگەندە 6 مىليون 141مىڭ 300 گە
يەتكەن. 2012 - يىلى 7 - ئايغا كەلگەندە تارىم دەريا
ھاۋزىسىدا يەنى خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، كونچى ۋە تارىم
دەرياسى غول ئېقىنى بويىدىكى يېزا ئىگىلىك سۇغىرىش
كۆلىمى 23 مىليون 500 مىڭ موغا، سۇغىرىلىدىغان ئومۇ-
مىي كۆلەم 100 مىليون 890 مىڭ مو (قېتىم)غا يەتكەن [9].
ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلگەن سۇنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسى-
دە كونچى دەرياسى ئېقىنى 1950 - يىللىرى لوپنۇر ناھىيە-
سى تەۋەسىدىلا ئۈزۈلگەن بولسا، تارىم دەرياسى 1970 -
يىللاردىن باشلاپ داشكۆل سۇ ئامبىرىدىن تۆۋەنگە ئاق-
مايدىغان بولغان، نەتىجىدە تارىم ۋادىسىنىڭ، بولۇپمۇ
شەرقىي قىسمىنىڭ ئېكولوگىيەسىدە ئىنتايىن زور ئۆزگى-
رىش بولغان. قۇمتاغ قۇملۇقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقى

قوشۇلۇپ كېتىش، «يېشىل كارىدور» تامامەن يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان، كەسكىن ئېكولوگىيەلىك ۋەزىيەت يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىگە سەۋەب بولغان، گوۋۇيۈەن تۆۋر تەستىقلاپ، تارىم دەريا ھاۋزىسىنى يېقىن مەزگىللىك تۈزەش تۈرىنى يولغا قويغان ھەمدە 2000 ـ يىلدىن ھازىرغىچە 10 مىليارد 739 مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ تۈزەش ئېلىپ بارغان. تۈزەش داۋامىدا تارىم دەرياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاستنىكى 29 ناھىيە ـ شەھەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيەسى تەۋەسىدىكى تۆت دىۋىزىيە، 18 تۈەن ـ مەيدان تەۋەسىگە 10 مىليارد 200 مىليون يۈەن سەرپ قىلىنىپ، 8140 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، ئۈچ توغان تۈگىنى، 600 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول ئېقىن سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، 44 توسما، 31 سۇ مەنبەسى ئورنى، 440 مىڭ مولۇق يۇقىرى تېخنىكىلىق سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى، تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرىدىن يەتتىسىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قاتارلىق 369 يەككە تۈر قۇرۇلۇشىنى تاماملىغان. 2000 ـ يىلدىن بۇيان تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا 13 قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈلۈپ 3 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىر سۇ يەتكۈزۈلگەن. مانا مۇشۇنداق سۇ يەتكۈزۈلۈش داۋامىدا تارتىما كۆلىدىكى سۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا 300 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىگە يېيىلغان. ئىستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، مۇشۇ 11 يىل سۇ يەتكۈزۈش نەتىجىسىدە تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۆسۈملۈك تۈرى سۇ يەتكۈزۈشتىن بۇرۇنقى 17 خىلدىن 46 خىلغا كۆپەيگەن. تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈك كۆلىمى 1 مىليون 50 مىڭ موغا يەتكەن. قۇملىشىۋاتقان يەر 1 مىليون 300 مىڭ مو ئازايغان. [10] تارىم دەرياسىنىڭ پۈتۈن ئېقىنىدا سۇ ئېقىۋاتقان 1950 ـ يىللاردىكى «يېشىل كارىدور»، 1980 ـ يىللاردىكى سۇسىز ئاڭقاپ كەتكەن «يېشىل كارىدور» ۋە 2000 ـ يىلدىن بۇيانقى سۇ يەتكۈزۈلۈپ، جانلىنىۋاتقان 2012 ـ يىلدىكى «يېشىل كارىدور»نى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، قۇرغاق رايوندا سۇنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى، سۇنىڭ ھايات ـ ماماتلىقنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ سانلىق مەلۇماتلار سېلىشتۇرمىسىنى بۇنىڭدىن 1400 يىللار ئىلگىرى بىر قېتىم سادىر بولغان، ھازىر شۇ تارىخ تەكرارلاندى دېيەلمەيمىز، ئۇ ۋاقىتلاردىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ نوپۇسى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ 2 مىليوندىن ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لوپ كۆلى ۋە تارتىما كۆلى 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇپ كەتكەن، شۇڭا ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ بۇ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئەينى تارىخىي دەۋردە 1960 ـ يىللاردىكىدەك 4 ـ 5 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بولۇشى كېرەك، لېكىن ئەينى دەۋردە ئۇنچىلىك نوپۇسنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

تارىم ئويمانلىقى تىپىك قۇرغاق رايونغا تەۋە، بۇ يەردىكى ھاياتلىق مەنبەسى بولغان دەريالار ئېگىز تاغلاردىكى قار ـ مۇزلارنى مەنبە قىلغان. ئېگىز تاغلاردىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى شەكسىزكى كىلىمات بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. مۇزلۇقلارنىڭ چېكىنىشى ياكى زورىيىشى مۇشۇ رايوندىكى دەريا ئېقىن مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. تارىم ۋادىسىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مۇھىت ئۆزگىرىشى ئۈستىدىكى تەتقىقات تولىمۇ ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا، لوپ رايونى توغرىسىدىكى تەتقىقات تېخىمۇ شۇنداق، شۇنداقتىمۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ ھەقتە مۇئەييەن چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلالايدۇ.

### يازمىلاردىن كىلىمات ئۆزگىرىشىگە نەزەر

ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن لى جىياڭفېڭنىڭ «شىنجاڭنىڭ 3000 يىللىق كىلىمات ئۆزگىرىشى» ناملىق ماقالىسى مۇشۇ ساھەدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ يېزىشىچە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللاردا تېمپېراتۇرا ھازىرقىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ ـ تۆت گرادۇس يۇقىرى بولغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 246 ـ يىلدىن مىلادىيە 22 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تېمپېراتۇرا ھازىرقىدىن بىر گرادۇس يۇقىرى بولغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىرلەردە تېمپېراتۇرا ھازىرقىدىن ئىككى ـ ئۈچ گرادۇس تۆۋەن بولۇپ ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغان. مىلادىيە 4 ـ ، 5 ـ ئەسىرلەردە تېمپېراتۇرا ھازىرقىدىن بىر ـ ئىككى گرادۇس يۇقىرى بولغان. ھۆل ـ يېغىن ئاز بولۇپ سۇ قىسلىشىپ كرورانغا ئوخشاش بىر تۈركۈم شەھەرلەر ۋەيران بولغان، مىلادىيە 581 ـ يىلدىن 907 ـ يىلغىچە بولغان 300 يىلنىڭ ئۈچتىن ئىككى

قىسىم ۋاقىتتا كىلىمات سوۋۇپ ھازىرقىدىن بىر ـ ئىككى
گرادۇس تۆۋەن، ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغان. مىلادىيە
907 ـ يىلدىن 1368 ـ يىلىغىچە بولغان دەۋردە، بولۇپمۇ
13 ـ ئەسىرگىچە سوغۇق بولۇپ تېمپېراتۇرا ھازىرقىدىن
بىر گرادۇس تۆۋەن بولغان، ھۆل ـ يېغىن كۆپەيگەن.
1285 ـ يىلدىن 1290 ـ يىلىغىچە قاتتىق قۇرغاقچىلىق
بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن كىلىمات سوۋۇپ ھۆل ـ يېغىن
كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن، 1368 ـ يىلدىن 1911 ـ يىلىغىچە
بولغان ئارىلىقتا، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 17 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا كىلىمات سوۋۇشقا باشلىغان ۋە 18 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىغىچە داۋام قىلغان. 1750~1769 ـ يىللىرىغىچە ھاۋا
ئىللىپ، 1770 ـ يىللىرىدىن باشلاپ 1790 ـ يىللىرىغىچە
سوۋۇغان. 1791 ـ يىلدىن 1815 ـ يىلىغىچە ئىللىغان،
ئىللىق كىلىمات جۈملىدىن 1769 ـ يىلدىن 1800 ـ يىللى-
رىغىچە داۋام قىلغان. 19 ـ ئەسىردە ھاۋا سوۋۇغان، 20 ـ
ئەسىردە ئىللىق كىلىمات بولغان. يۇقىرىقى ئۆچۈرلار
پەقەت پارچە خاتىرىلەر ۋە شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولغان
دەپ قارالغان ۋاقىتلار ئاساسىدا چىقىرىلغان يەكۈن بولسى-
مۇ، مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. تارىم ۋادىسى
دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن تولىمۇ يىراق، يەنە كېلىپ تەڭرى-
تاغ، قاراقۇرۇم ۋە ئالتۇنتاغ قاتارلىق ئېگىز تاغلار
قورشاپ تۇرغانلىقتىن تىپىك قۇرغاق كىلىماتلىق ئويمانلىققا
ئايلانغان، «بالىياتقۇغا ئوخشايدىغان» تارىم ئويمانلىقىدا
پەقەت غەرب بورىنىلا ھۆل ـ يېغىن پەيدا قىلىپ قار ـ مۇز
جۇغلايدۇ. ئەمەلىيەتتە تارىم ۋادىسىنىڭ سۇ مەنبەسى ئاشۇ
قار بىلەن قاپلانغان ئاقباش تاغلاردىن ئىبارەت. كىلىمات-
نىڭ بىر قانچە يىللىق ئۆزگىرىشى بۇ يەرنىڭ ئېكولوگىيە-
سىگە زور ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. يۇقىرىدا
كۆرگەن، مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە كروران ۋەيران بولغان
دېگەن يەكۈن شۇ ۋاقىتتىكى كىلىماتنىڭ ئىللىغانلىقىنىڭ دە-
لىلى بولۇپ قالغان، ئەمما پاكىتلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ك-
روراننىڭ 4 ـ ئەسىردە ئەمەس، بەلكى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئا-
خىرلىرى ياكى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاندىن ۋەيران
بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. كىچىك دەريا بويلىرىدا
بايقالغان ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلار 6 ـ ، 7 ـ ئەسىرلەردە
گۈللىنىپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، كىچىك دەريا ئېقىنىدا
سۇ بولغانلىقى شەكسىزكى، سۇنىڭ كۆنچى دەرياسىنىڭ ئې-
قىنىدا ئاققانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇنداق بولغاندا كروران
لوپ كۆلىگە ئېقىپ كېلىدىغان سۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆر-
سىتىپ بېرىدۇ. تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تارىم دەر-
ياسىنىڭ ھازىرقى ئېقىنى بويىچە جەنۇبقا ئاققانلىقى ئەمەل-
يەتتە كروران شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چى-
قارغان بولسا كېرەك، مانا بۇ كرورانىنىڭ ۋەيران بولۇشى-
نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىردىنبىر سەۋەبتۇر. شەھەرنى
كەلكۈن بېسىپ كېتىپ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقار-
غان دېگەن قاراشمۇ مەۋجۇت، ئارخېئولوگلار شەھەر خا-
رابىسىدە كەلكۈن ئىزناسىنى بايقىغان، كەلكۈن شەھەرنىڭ
ۋەيران بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. بەلكى مەلۇم مەز-
گىللىك كۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. خۇلاسە
قىلغاندا، پەقەت تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئېقىن
يۆتكەپ بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىلا،
بۇ شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدى-
غان بىردىنبىر ئامىل. مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى
كروران شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېلىدىغان سۇ خېلىلا
ئازلىغان ھەمدە 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تامامەن ئۈزۈ-
لۈپ قالغان، سۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى دەريانىڭ ئېقىن
يۆتكىشى كرورانغا كېلىدىغان سۇنىڭ ئۈزۈلۈشنى، ھاياتى-
لىق مەنبەسىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## دەريالارنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنىدىكى ئۆزگە-رىش

كروران شەھىرى لوپ كۆلىدىن ئانچە يىراق بولمى-
غان جايغا جايلاشقان، يەنە كېلىپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدى-
غان كۆنچى دەرياسىنى ھاياتلىق مەنبەسى قىلغان. بەزى
ماتېرىياللاردىن كۆرۈلۈشىچە، تارىم دەرياسىنىڭ سۇ مەنبە-
سى ئۇلغايغاندا، قاراقوشۇن كۆلىدىن ئېقىپ چىققان سۇ
لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان، بۇ ئىككى كۆلنى تۇتاشتۇرغۇچى
ئېقىن كروراننىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىششىدە مۇھىم رول
ئوينىيالمايدىغانلىقىغا جۇغراپىيەلىك جايلىششىنى كۆزەتكەن-
دە جەزم قىلىشقا بولىدۇ، جۈملىدىن كروران شەھىرى
ئىككى كۆل ئارىسىدىكى ئېقىندىن پايدىلىنىپ، ھاياتلىق
مەئىشەتلىرىنى ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىل
يوق. قاراقوشۇن كۆلىدىن كېلىدىغان ئېقىن مۇقىم ئەمەس،
يەنە كېلىپ ناھايىتى ئۇزاق مۇساپىلەردە جۇغلانغان
شورتۇز بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچىغا يىغىلغانلىقتىن مىنېراللىق

دەرىجىسى يۇقىرى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شۇڭا ئېيتىش مۇمكىنكى، كۆنچى دەرياسى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئېقىندۇر. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنىنىڭ قەيەردە بولۇشى، مۇشۇ دەريا ئېقىنىنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم پاكىت، مۇشۇ ساھەدە چوڭقۇرلاپ تەتقىقات يۈرگۈزگەن دوكتور شى گوجىننى سىۋىن ھېدىننىڭ «كۆچمەن كۆل» نەزەرىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ. سىۋىن ھېدىن 1905 ـ يىلى «كۆچمە كۆل» نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، 1500 يىلنى دەۋر قىلغان بۇ كۆچۈش داۋامىدا ئارىلىق كۆللەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىي پاكىتنى ئىزدەشكە ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. سىۋىن ھېدىننىڭ ئارمىنى ياش ئالىم شى گوجىن تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئۇنىڭ تەتقىقاتى بويىچە قارىغاندا، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنى مۇنداق بولغان: كروران لوپ كۆلى (كروران قەدىمكى شەھرىگە يېقىن بولغان لوپ كۆلى) بۇ كۆلنىڭ سۇ بىلەن تولۇپ تۇرغان ۋاقىتلىرىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلاش تامامەن مۇمكىن، بۇ يەردىكى ئىنسانلار پائالىيىتى، جۈملىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ لوپ كۆلگە قويۇلۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇ زامانلاردا كىچىك دەريا بويلىرى بىلەن قەدىمكى قەبرىستانلىق جىلغا ئاھالىلىرى كۆنچى دەرياسى تاملىرىنى مەنبە قىلىپ ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا، كۆنچى دەرياسى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن بۇرۇنلا مۇشۇ ئېقىن بويىچە ئاققان. تېمىدىن چەتنىمەسلىك يۈزىسىدىن سىپتا تاش قوراللار دەۋرى ھەققىدە توختالمايمىز. كىچىك مىرەن قەبرىستانلىقى ھەم قەدىمكى قەبرىستانلىق جىلغا يىل دەۋرلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەۋر توغرىسىدا يەنى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنى توغرىسىدا ئۇچۇر بەرگۈچى مۇھىم مەنبە دېيىشكە بولىدۇ.

كروران لوپ كۆلگە قويۇلغان كۆنچى دەرياسىنىڭ قاچان ئېقىن ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەر كەمچىل، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ دەلىللەر تېپىلغان بولسا، كروراننىڭ خارابىلاشقان دەۋرىنى بىۋاستە كۆرسىتىپ بەرگەن بولاتتى. شى گوجىن ماقالىسىدە، بىرگۇماننىڭ تەك- شورۇشى ھەم سۇنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىپ، مىلادىيە 600 ـ يىلدىن 1000 ـ يىلغىچە كۆنچى دەرياسى كىچىك مىرەن ئېقىنى بىلەن ئېقىپ، تارىم دەرياسىغا قويۇلۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى بىلەن ھازىرقى مىرەن بوستانلىقىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا شەكىللەنگەن كۆلنى قويۇلۇش ئورنى قىلغان دەپ قارىغان. مۇنداق بولغاندا، 600 ~ 1000 ـ يىللاردا كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنى كىچىك مىرەن بىلەن ئاققان (كۆنچى دەرياسىنىڭ پۈتۈن ئېقىنىمۇ ياكى بىر قىسمىمۇ؟ بۇنى داۋاملىق دەلىللەش زۆرۈر) ھەمدە تارىم دەرياسى بىلەن قاراقوشۇن كۆلىنى ئاياغ قويۇلۇش ئورنى قىلغان. شى گوجىننىڭ تەتقىقاتىچە، مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يېڭىسۇ ـ ئارغان ئەتراپلىرى كۆنچى ۋە تارىم دەريالىرىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنى بولغان. شى گوجىننىڭ بايانىدىن كۆرە، سىۋىن ھېدىننىڭ لوپلۇقلاردىن ئىگىلىشىچە، 1720 ـ يىللار ئەتراپىدا قاراقوشۇن كۆلى قايتا شەكىللىنىپ، لوپلۇقلار شىمالدىكى لوپ كۆلى (كروران لوپ كۆلى ئەمەس، بەلكى يېڭىسۇ ـ ئارغان ئەتراپلىرى بولسا كېرەك) بويىدىن قاراقوشۇن كۆلى بويىغا كېلىپ ئابدال كەنتىنى مەركەز قىلغان ھالدا ياشىغان. دېمەك، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنى 1700 ـ يىللاردىن سەل كېيىنرەك ئۆزگىرىپ، ھازىرقى مىرەن بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قاراقوشۇن كۆلى بولغان. مۇشۇلاردىن قارىغاندا، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1700 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنى يېڭىسۇ ـ ئارغان ئەتراپلىرى بولغان. قاراقوشۇن كۆلىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنى بولۇش تارىخى 1725 ـ يىللىرىدىن تاكى 1921 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان، بۇ دەۋرنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يازما پاكىت ۋە ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار خېلى كۆپ. 1921 ـ يىلى مەيلى تەبىئىي سەۋەبلەردىن ياكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسۇن، كۆنچى دەرياسى يەنە بىر رەت ئەسلىي ئېقىنى بىلەن ئېقىپ كروران لوپ كۆلگە قويۇلغان. شى گوجىننىڭ يېزىشىچە، 1921 ـ يىلى تارىم دەرياسى لوپنۇر ناھىيەسىگە تەۋە چوڭكۆل ئەتراپىدا ئېقىن ئۆزگەرتىپ كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنىغا قويۇلغان.

تارىم دەرياسى تۈمەنپۇ [11] دا ئۆزى ئېقىۋاتقان ئېقىنى بۆسۈپ شەرققە قاراپ ئېقىپ كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنىغا قۇيۇلغان ھەمدە كروران لوپ كۆلى ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى بولغان. ئەينى ۋاقىتتا چاقىلىق ۋە كۆنچى (ھازىرقى لوپنۇر ناھىيەسى) ناھىيەلىرىدىن ھاشارچى يىغىلىپ كۆنچى دەرياسىنى ئەتمەكچى (تارىم دەرياسىغا باشلاپ، ئاياغ ئېقىنىدىكى چاڭقىغان يەرلەرگە سۇ يەتكۈزۈش ئۈچۈن قىلىنغان بۇ ئەمگەك بەزى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، 1931 - يىللىرىنىڭ ئەتىياز مەزگىلىدە بولغان ۋە «تۈمەنپۇ ھاشاسى» دەپ ئاتالغان) بولغان، ئەمما مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان. 1952 - يىلى لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ يېڭى چىمەن دېگەن يېرىدە توسما سوقۇلۇپ تارىم دەرياسى ئەسلىدىكى ئېقىنىغا قايتۇرۇلغان، تارىم دەرياسى ئۆز ئېقىنى بىلەن ئېقىپ تارتما [12] كۆلگە قۇيۇلغان، بۇ كۆل قاراقوشۇن كۆلىنىڭ غەربىدىراق بولۇپ سۇ كۆپەيگەن ۋاقىتلاردا كۆلىمى چوڭىيىپ قارابوران كۆلىنى شەكىللەندۈرگەن. 1950 - يىللاردىن باشلاپ كۆنچى دەرياسى بويىدىكى تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق كۆلىمىنىڭ زورىيىشى، ئۆز ئېقىنىدا ئېقىۋاتقان كۆنچى دەرياسىنى لوپ كۆلگە قۇيۇلۇش ئىمكانىيىتىنى يوق قىلغان. 1958 - يىلىدىكى چوڭ كەلكۈن مەزگىلىدە لوپ كۆلگە سۇ قۇيۇلغان بولسىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن كۆنچى دەرياسىنىڭ لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ ئاقسۇپۇدىن تۆۋەن قىسمىدىكى 520 كىلومېتىر ئېقىنىدا سۇ توختاپ قالغان ۋە 1972 - يىلىدىن بۇرۇنراق لوپ كۆلىمۇ قۇرۇپ كەتكەن. [13]

## يەر قاتلىمىدىن كەلگەن كىلىمات ئۇچۇرى (لوپ كۆلى)

كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىن ئۆزگىرىشىنىڭ بىۋاستە ئۇچۇرى، مۇشۇ دەريانىڭ ئېقىنىدا ۋە كۆلىنىڭ يەر قاتلىمىدىكى تىندۇرمىلىرىدا ساقلانغان. لوپ رايونىنىڭ يەر قاتلاملىرى تەكشۈرۈلسە، مۇشۇ رايوننىڭ كىلىمات ۋە سۇ رايى ئۆزگىرىشىنى تېخىمۇ روشەن سىزىپ بەرگىلى بولاتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى جۇغراپىيە ئالىملىرى تارىم ۋادىسىدا بىر قىسىم جايلارنىڭ يەر قاتلىمىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كىلىمات ئۆزگىرىشى ھەم سۇ رايىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئالىملار لوپ كۆلىنىڭ مەركىزىدىن قۇدۇق قېزىپ ئۇنىڭ يەر قاتلىمىنى تەكشۈرۈپ 10 مىڭ يىللىق كىلىمات ئۆزگىرىش جەريانىنى شەرھلەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن 5900 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتتىن 3400 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتقىچە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3900 - يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1400 - يىللارغىچە) بولغان يىللارنىڭ تىندۇرمىسى 162 سانتىمېتىردىن 209 سانتىمېتىرغىچە بولغان چوڭقۇرلۇقتا تىنغان. بۇ دەۋردە لوپ كۆلىنىڭ غەربىي قىسمىدا سۇ خېلى چوڭقۇر بولۇپ تۇزلۇقلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن، ئاز ساندا قاتتىق بوران كۆرۈلۈشكە باشلىغان، قۇرۇقلۇق ۋە سۇ جانلىقلىرى كۆپىيىشكە باشلىغان. بۇ مەزگىلدە ھاۋا كىلىماتى سوغۇقراق بولغان. ئالىملار مۇشۇ دەۋرنى ئارخېئولوگىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلدى: «كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى غول ئېقىننىڭ ئىككى قاسنىقى بىلەن كىچىك تارامنىڭ شەرقىي قاسنىقىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق جىلغا (كۆن قەبرىلىرى) كۈلتۈرى قاتارلىق ئوندەك ئورۇن بار، يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3500 ~ 3900 يىللار بۇرۇن. ئەينى دەۋردە ياۋروپا چارۋىچىلىرىدىن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا كەلگەن ئاق جىنسلىق كىشىلەر قەيەردە ئوت - سۇ بولسا شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن. كىچىك مىرەن قەبرىستانلىقى تېپىلمىلىرى بىر قەدەر ئاددىي، ئەمما بايقالغان كالا، قوي باشلىرى ۋە تېرىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلغان، شۇ ۋاقىتتا بايقالغان كالا نەسلىدىن تۆت خىلدىن ئىككى خىلىنىڭ نەسلى ھازىرغىچە يوقالغان. بايقالمىلاردىن قارىغاندا، ئەينى زاماندا قوي ۋە كالىدىن باشقا، سۈلەيسۈن، يىلان، ئاغمىخان، كەسلەنچۈك ۋە بۈركۈت قاتارلىق جانلىقلارمۇ بولغان، مانا بۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتا جانلىقلارنىڭ تۈرى ۋە سانىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرەلەيمىز، مانا بۇ شۇ ۋاقىتتىكى ھاياتلىق شارائىتىنىڭ يەنى كىلىماتنىڭ ئىللىقراق، دەريا ئېقىنلىرى سۈيىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى، كۈچلۈك (قارا) بوراننىڭ يوقلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ... بۇ خىل ئېكولوگىيە ئاز بولغاندىمۇ 300 ~ 400 يىل داۋام قىلغان... ئومۇملاشتۇرغاندا، بۇنىڭدىن 3400 ~ 5900 يىللار بۇرۇنقى دەۋردە لوپ كۆلگە ئېقىپ كېلىدىغان سۇنىڭ مىقدارى كۆپ بولغان (لوپ كۆلىنىڭ) سۈيى يېرىم تۇزلۇق بولغان، شامالمۇ كۈچلۈك بولمىغان، كېيىن-

كى دەۋرلىرىدە كىچىك مىرەننىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى 400 يىلغا يېتىدۇ.» [14] مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1400 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىللارغىچە بولغان 1200 يىللىق تىندۇرما لوپ كۆلىنىڭ 123 ~ 162 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقىغا تىنغان، بۇ دەۋر كىلىماتى بىر قەدەر قۇرغاق، شامال كۆپ بولغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىلدىن مىلادىيە 850 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتتىكى جۇغلاندىلار كۆلىنىڭ 95 ~ 123 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقىغا تىنغان بولۇپ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىللار ۋە مىلادىيە 850 ـ يىللاردا بوران بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان، مىلادىيە 150 ـ يىللار ئەتراپىدا شامالنىڭ تەسىرى ئاجىز بولغان، كۆل تىندۇرمىلىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا بۇ دەۋر ئېكولوگىيە ياخشى بولغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ دەۋرلەردە تارىم دەرياسىمۇ كۆنچى دەرياسى ئېقىنى بويىچە ئېقىپ، لوپ كۆلگە قۇيۇلغان، ئەمما 4 ـ ئەسىردىن كېيىن تارىم دەرياسى ئۆز ئېقىنى بىلەن ئېقىپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغان سۈيى ئازلاپ كەتكەن. 39 سانتىمېتىردىن 80 سانتىمېتىرغىچە چوڭقۇرلۇقتىكى يەر قاتلىمى ئوتتۇرا ئەسىر ئىللىق دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۈستى ۋە ئاستى ئىككى قەۋەتكە بۆلۈپ ئانالىز قىلىنغان. 41 سانتىمېتىر قاتلام مىلادىيە 850 ـ يىلدىن 1650 ـ يىلغىچە بولغان 800 يىل داۋامىدا جۇغلانغان بولغاچقا، مۇشۇ دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئاستى قەۋىتى يەنى 63 سانتىمېتىرغىچە بولغان چوڭقۇرلۇق 880 ـ يىلدىن 960 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا جۇغلانغان. 67 ~ 74 سانتىمېتىرغىچە بولغان قاتلام 1100 ـ يىلدىن 1250 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا جۇغلانغان، ئوتتۇرا ئەسىر ئىللىق ئىقلىمىغا توغرا كېلىدۇ. كاربون 14 ئانالىزىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1300 ـ يىللار، 1320 ـ يىللىرى يۇلغۇن قاتارلىق بەزى ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇپ كەتكەن. مۇشۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، 1300 ـ يىللاردىن بۇرۇن بۇ يەرنىڭ سۇ ئورنى يەنىلا يۇلغۇن ياشاپ تۇرغىدەك دەرىجىدە بولۇپ، مۇشۇ دەۋردىن كېيىن سۇ ئورنىمۇ تۆۋەنلەپ يۇلغۇنلار قۇرۇپ كەتكەن، ئالىملارنىڭ يەر قاتلىمىنى ئانالىز قىلىشىچە، 750 ـ يىللاردىن 1100 ـ يىلغىچە ئېكولوگىيەدە ياخشىلىنىش بولغان، ئەمما شامال كۈچەيگەن، سۇ تۇزلۇقلىشىشقا يۈزلەنگەن، 1100 ـ يىللاردىن 1300 ـ يىللارغىچە ئېكولوگىيە ناھايىتى ياخشى بولغان، تېمپېراتۇرا 2000 ـ يىللاردىكىگە ئوخشاش ياكى سەل يۇقىرى بولغان، ئەمما ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغان. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، 1100 ـ يىلىدىن 1300 ـ يىللىرىغىچە تارىم دەرياسىمۇ لوپ كۆلگە قۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىنكەن. 39 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى ئۈستۈنكى قەۋەت 350 يىللىق جەريانىنى يەنى 1650 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتتىكى تىندۇرما، بۇ دەۋردىكى تارىخىي يازمىلار يۇقىرىدا كۆرگەن ئەھۋاللىرىمىزنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

تەبىئىي پەن ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇنىڭدىن 2500 ~ 3700 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردە لوپ كۆلى بىر قېتىم قۇرۇپ كەتكەن، جۈملىدىن كۆلنىڭ شەرق ۋە غەرب قىسىملىرى تامامەن قۇرۇپ كەتكەن، بۇنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەرگىچە مەنسۇپ ئىزنالارنىڭ كۆرۈلمەسلىكى ياكى ئىنتايىن ئاز بولۇشى مۇشۇ تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئىنكاسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلاپ لوپ كۆلى رايونىنىڭ كىلىماتىدا ياخشىلىنىش بولغان، لوپ كۆلىنىڭ كۆلىمىمۇ 2000 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن، ئەمما سۈيى تۇزلۇقلاشقان. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللاردىن سەل كېيىنكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ لوپ كۆلگە يېقىن بولغان جايلاردا ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى قايتىدىن جانلانغان ۋە كروران شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس ياراتقان.

**يەر قاتلىمىدىن كەلگەن كىلىمات ئۇچۇرى (تارتما كۆلى)**

بۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيەسىدە لوپ كۆلى قانداق مۇھىم ئورۇندا تۇرسا تارتما كۆلى توغرىراقى، قارا بوران ۋە قاراقوشۇن كۆللىرى شۇنچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما ھازىرغىچە قاراقوشۇن كۆلىنىڭ يەر قاتلىمى قېزىپ تەكشۈرۈلگەن ماتېرىيالنى كۆرمىدىم. شۇنداقتىمۇ ئارىلىق كۆل رايونى تارتمانىڭ ئەھمىيىتىمۇ ناھايىتى زور ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كروران رايونىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا تارىم ۋە كۆنچى دەرياسى بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. لوپ كۆلى كۆنچى دەرياسى ئېقىنىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى بولغىنىدەك قارابوران، قاراقوشۇن كۆللىرىمۇ تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ

ئىككى كۆل مۇشۇ رايون ئېكولوگىيەسىنى بىۋاستە كۆرسەتىپ بېرىدىغان مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسىدۇر. تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرلەر توغرىسىدىكى پەرەزدىن كۆرە، كۈنىمىزدە تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى نەق جۇغراپىيەلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتمەكتە. ئەگەر تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كۆنچى بويلىرى ۋە تارىم دەريالىرى بويىدىكى جۇغراپىيەلىك ئۆزگىرىشلەرنى تەبىئىي پەن ئالىملىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا كۆرسىتىپ بەرسە، كروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى تېخىمۇ ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىلغان بولاتتى، ئىنشائاللا، بۇ كۈنلەرمۇ كېلەر، چەكلىك ماتېرىياللار ۋە تېيىز بىلىملىرىم ئاساسىدىكى يەكۈنلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، جۇغراپىيەلىك بايقالمىلاردىن پايدىلانماي تۇرۇپ بايان قىلىشنىڭ ئاقلانىلىك بولمايدىغانلىقىنى سېزگەن ئىلىم ھەقرى كەمىنە، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنىدىن كەلگەن ئۇچۇرلارنىمۇ كۆرۈش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 50 كىلومېتىردەك شىمالىدىكى تارتما كۆلىدىن 1998 - يىلى ئالتە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق قېزىپ ئەۋرىشكە ئالغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى تۇرسۇن قاسىم، خۇانەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن جوڭ ۋېي قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ تەتقىقات يۈرگۈزۈپ تارتما كۆلىنىڭ 25 مىڭ يىللىق كىلىمات ئۆزگىرىش ئىسخېمىسىنى سىزىپ چىققان. 25 مىڭ يىلدىن بۇيان ھاۋا كىلىمات ئۆزگىرىشى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئاساسەن ئوخشاش بولغان، بۇ جەريياندا تارتما كۆلى يەتتە قېتىم نىسبەتەن قۇرغاق ئىللىق، بەش قېتىم نىسبەتەن سوغۇق ۋە نەم، بىر قېتىم نىسبەتەن ئىللىق ۋە نەم بولۇپ ئۆزگەرگەن. بۇنىڭدىن 24 مىڭ 500 يىللار بۇرۇنقى دەۋردىن 20 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئاخىرقى قېتىمقى تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق مۇز دەۋرىگە كىرگەن. 21 مىڭ يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتنىڭ ئالدى - كەينىدە نىسبەتەن ئىللىق بولغان. بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل بۇرۇندىن 16 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگىچە كۆرۈنەرلىك سوغۇق، نەم كىلىمات بولغان، ئۈسۈملۈكلەر بولۇق ئۆسكەن. لوپ كۆلىدىن ئېلىنغان ئەۋرىشكە ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى 20275 - يىلدىن بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى 15490 - يىللارغىچە چۆل ئوتلاق تىپى بولۇپ كىلىمات سوۋۇشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن 9000 يىللار بۇرۇن كۆللەر كىچىكلەشكە باشلىغان، 8000 يىللار بۇرۇن كىلىمات ئىللىقلىقتىن تۇيۇقسىز سوۋۇشتەك ئۆزگىرىش بولغان. بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتتىن 7000 يىللار بۇرۇنقى يۇقىرى تېمپېراتۇرا كۆرۈلۈپ، كۆللەر تارايغان ۋە تۇزلۇقلاشقان. [15]

نىيەدىن ئېلىنغان ئەۋرىشكىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2162 - يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1010 - يىلغىچە مۆتىدىل ئىللىق ۋە قۇرغاق، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1010 - يىلدىن مىلادىيە 550 - يىلغىچە نىسبەتەن سوغۇق ۋە نەم كىلىمات داۋاملاشقان. مىلادىيە 550 - يىلدىن مىلادىيە 1500 - يىلغىچە باشتا تېز سۈرئەتتە ئىللىق ھەم قۇرغاق بولغان. 857 - يىلدىن كېيىن سوغۇق ۋە نەم كىلىماتقا ئۆزگەرگەن. 1030 - يىلدىن كېيىن تېزلىكتە قۇرغاق ۋە ئىللىق كىلىماتقا ئۆزگەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرغاق ۋە نەم، سوغۇق ۋە ئىللىق كىلىمات بولۇپ كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن. مىلادىيە 1500 - يىلىدىن كېيىن ئومۇمەن ئىللىق، قۇرغاق كىلىمات بولغان. [16]

دوكتور جوڭ ۋېي، دوكتور تاشپولات تېيىپ، ۋاڭ لىگو، لى سىلارنىڭ نىيە بوستانلىقىنىڭ يەتتە كىلومېتىر شىمالىدىكى كۆلدىن ئېلىنغان يەر قاتلىمى ئەۋرىشكىسىنى تەتقىق قىلىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2162 - يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1010 - يىلغىچە نىسبەتەن مۆتىدىل ئىللىق ۋە قۇرغاق كىلىمات بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن تېزلىكتە نەم كىلىماتقا ئۆزگەرگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 50 - يىلدىن مىلادىيە 500 - يىلغىچە كۆرۈنەرلىك سوغۇق، نەم كىلىمات بولغان. مىلادىيە 550 - يىلدىن كېيىن تېزلا قۇرغاق، ئىللىق كىلىمات بولغان. مىلادىيە 857 - يىلدىن كېيىن سوغۇق، نەم كىلىماتقا ئۆزگەرگەن. مىلادىيە 1000 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە كىلىماتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن. مىلادىيە 1030 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە جىددىي قۇرغاق ۋە ئىللىق كىلىماتقا ئۆزگەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىلىمات ئىسسىق - سوغۇق، نەم - قۇرغاق كىلىمات كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن. مىلادىيە 850 - يىلدىن 1300 - يىلغىچە سوغۇق ۋە ئىللىق، قۇرغاق ۋە نەم كىلىمات كۆپ قېتىم ئالماشقان.

1200 ـ يىلدىن كېيىن ئومۇمەن ئىللىق، قۇرغاق مۇھىت باسقۇچىغا كىرگەن. 1100 ـ يىلدىن 1200 ـ يىلغىچە سوغۇق، نەم كلىماتتىن قۇرغاق، ئىللىق كلىماتنىڭ تېزلىكتە ئۆزئارا ئۆزگىرىشى كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك بولغان. 1300 ـ يىلدىن 1600 ـ يىلغىچە ئومۇمەن ئىللىق، قۇرغاق بولغان، ئەمما سوغۇق ۋە نەم كلىماتمۇ كۆرۈلگەن، 1550 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قىسقا مۇددەتلىك سوغۇق ۋە نەم كلىمات كۆرۈلگەن. 1600 ـ يىلدىن كېيىن نىسبەتەن مۇقىم ئىللىق ۋە قۇرغاق كلىمات بولغان. [17]

لوپ كۆلدە دۆلەت مەبلەغ سالغان لوپ كۆلى كالىيلىق تۇز شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ يەردە ھاۋارايىنى ئۆلچەش ئىشى باشلانغان، يەنى 2002 ـ يىلى باشلانغان ئۆلچەشتىن مەلۇم بولۇشىچە، لوپ كۆلىنىڭ يىللىق پارلىنىشى 700 مىللىمېتىر بولغان، مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا كۆلدىكى سۇ (ھازىر تۇز) ئورنى يىلىغا 0.7 مېتىر تۆۋەنلەپ كەتكەن بولىدۇ، كۆل لېۋى بىلەن مەركىزى قىسمىنىڭ ئېگىزلىك پەرقى ئۈچ مېتىر.

**يۇلغۇن دۆڭلىرىدىن كەلگەن كلىمات ئۇچۇرلىرى**

ئالىملارنىڭ يۇلغۇن دۆڭلىرىنىڭ قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىدىن قارىغاندا، 1839 ـ يىلدىن 1852 ـ يىلغىچە سوغۇق كلىمات، 1853 ـ يىلدىن 1940 ـ يىلغىچە ئىللىق كلىمات بولغان. 1941 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە سوغۇق كلىمات كۆرۈلگەن.

دوكتور جۇڭ ۋېي، دوكتور تاشپولات تېيىپ، ۋاڭ لىگو، لى سى قاتارلىقلار تەتقىقات داۋامىدا مۇنداق يەكۈن چىقارغان: «جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولغان ۋاقتى تارىخىي يازمىلارغا ئاساسلانغاندا بەش دەۋرگە مەركەزلەشكەن، ئۇنىڭ 5 ـ دەۋرى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. كلىماتنىڭ ئۆزگىرىشكە ئومۇملاشتۇرغاندا، شۇنى بايقاش مۇمكىن، ئالدىنقى تۆت دەۋردىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولغان دەۋرى نىسبەتەن قۇرغاق، ئىللىق كلىمات دەۋرگە ماس كېلىدۇ، كلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى ئەلۋەتتە قەدىمكى شەھەر، بازارلارنىڭ ۋەيران بولۇشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس. ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغىنى شۇكى، ئىنتايىن قۇرغاق بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ئاساسىي شەرتى سۇ، شۇنداقلا سۇ زاپىسىنىڭ ئەھۋالى بىۋاسىتە كلىمات ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ھاۋا كلىماتى قۇرغاقلاشسا دەريا ئېقىنلىرى سۈيىنىڭ ئازلىشىنى، ئېقىنىنىڭ قىسقىرىشىنى، بوستانلىقلارنىڭ تارىيىشىنى، قۇملىشىشنىڭ جىددىي كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مانا بۇمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ مەلۇم بىر دەۋردە بىردەك خارابىلىشىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.» [1] دىققەتكە سازاۋەر يەنە بىر قاراش شۇكى، سۇنئىي ھەمراھ يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىدىن بايقالغان، دەريا قىنىنىڭ گۇمۇرۇلۇشى قارىشىدىن ئىبارەت. دەريا قىنىنىڭ گۇمۇرۇلۇپ ئېقىنى توسۇۋېلىش ئىمكانىيىتىنى سەۋەب، نەتىجە بويىچە كۆزەتكىنىمىزدە ئاساسىي ئامىل بولماستىن، ئىككىلەمچى ئامىل ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمى، جۈملىدىن كۆنچى دەرياسىنىڭ كىچىك مىرەن ئېقىنىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى نىسبەتەن تۈزلەڭ جايلاردىن ئىبارەت. دەريا ئېقىنى ھەرقانچە چوڭقۇر بولغان تەقدىردىمۇ ئون مېتىردىن چوڭقۇر بولۇشى ناتايىن، ئەمما دەريا ئېقىنىنىڭ خېلى كەڭ، جۈملىدىن نەچچە ئون مېتىر ئىكەنلىكى تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم. مۇشۇ خىل شارائىتتا دەريا قىنىنىڭ گۇمۇرۇلۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، دەريا ئېقىنىنى توسۇۋېلىش ئىمكانىيەتلىرىدىن يىراق. كروران شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، ئىناۋەتكە ئېلىنىدىغان مۇنۇ مۇھىم مەسىلىلەر بار. [1] كروران كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا جايلاشقان ۋە كۆنچى دەرياسىنى سۇ مەنبەسى يەنى ھاياتلىق مەنبەسى قىلغان. [2] كروران جايلاشقان تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىنى ئېگىز تاغلارنىڭ قورشاپ تۇرغانلىقى، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق بولۇشى سەۋەبىدىن تىپىك قۇرغاق مۇھىتقا تەۋە، ھۆل ـ يېغىنغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىش، ھاياتلىقنى ساقلاش ئىمكانىيىتى يوق. [3] تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرى بىر قەدەر تەكشى، شامال كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئاسانلا دەريانىڭ يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيەلىك ھالىتىدىن قارىغاندا شەرق تەرىپى بىرئاز ئوچۇق بولغاچقا دائىم شەرقىي شىمال بورىنى چىقىدۇ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ 85% كۆچمەن قۇملۇق

بولغانلىقتىن، «قۇملۇقتا شامال كۆچى بەش بالغا يەتسلا، قۇمنىڭ كۆچۈشىنى شەكىللەندۈرىدۇ» [18] تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرى، كۆچمە قۇملۇقلار، قۇمتاغ تەكلىماكاندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. [4] تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە مۇشۇ ئويمانلىقتىكى خېلى كۆپ دەريا ئېقىنلىرى ئېقىپ كېلىدۇ. بۇ دەريالار قار ۋە مۇزلار بىلەن قاپلانغان تاغلاردىن باشلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن كىلىمات بۇ دەريالارنىڭ ئېقىنىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. [5] كروران رايونىغا ئېقىپ كېلىدىغان تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرى دۇنياۋى 2 ـ چوڭ كۆچمە قۇملۇق — تەكلىماكان ۋە شىنجاڭدىكى 3 ـ چوڭ كۆچمە قۇملۇق — قۇمتاغ قۇملۇقلىرىنى بويلاپ ئېقىپ كېلىدۇ. [6] دېڭىز ئوكيانلاردىن تولىمۇ يىراق، يەنە كېلىپ تاغلار بىلەن ئورىلىپ تۇرغانلىقتىن، دېڭىز ـ ئوكياننىڭ بۇ رايونغا يېتىپ كەلگەن ئاز مىقداردىكى نەم ھاۋاسى ئويمانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرەلمەي پەقەت ئېگىز تاغلاردا قار ـ مۇز ھاسىل قىلىدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، دۇنيا ئېكولوگىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ مەلۇم جەھەتلەردىن تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

كروران شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى مەسىلىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆزەتكەندە، جۇغراپىيەلىك جايلىشىش نۇقتىسىدىن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى بۇ شەھەرنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى تۈرلۈك سەۋەبلەردىن كۆرە، سۇنىڭ رولى ئىنتايىن زور بولىدۇ ھەم بولغان. ناۋادا كرورانغا كېلىدىغان سۇ ئۈزۈلۈپ قالسا، يېپەك يولى ھەرقانچە راۋان ئۆتكۈنچىلەر كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ھاياتلىق مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ جايدا سۇ بولمىسا يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىمۇ ناھايىتى زور تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئېيتىش مۇمكىنكى، كروراننىڭ گۈللىنىش ياكى خارابلىشىشنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل كۆنچى دەرياسىدىكى سۇنىڭ ئېقىپ كرورانغا كېلىش ياكى قۇرۇپ كېتىش ھەم ئېقىن مىقداردىن ئىبارەت. كروران شەھىرىگە يېقىن بولغان لوپ كۆلگە سۇيى كۆپەيگەن قاراقوشۇن كۆلىدىن ئاققان ئېقىن كەلسىمۇ، كروران شەھىرىنىڭ 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق غەربىدىن ئېقىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئەھمىيىتى چوڭ بولمىغان. ئۇنداقتا قانداق شارائىت كۆنچى دەرياسى سۈيىنىڭ كرورانغا كەلمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنىنىڭ كۆچۈشى ياكى قىسقىرىشىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرى بىر قەدەر تەكشى بولغانلىقى ھەم شەرقىي شىمال بورىنىنىڭ كۆپ چىقىشى سەۋەبىدىن، دەريا ئېقىنىنىڭ يۆتكىلىشى ئاسان يۈز بېرىدۇ. دەريا سۈيىنىڭ ئازىيىشى ۋە بۇ رايوندىكى شامال تەسىرىدە دەريا قىنىنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈشى، تەدرىجىي دەريا ئېقىنىنىڭ توسۇلۇشى ياكى يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەريا ئېقىنىنىڭ قىسقىرىشىنى ئادەتتە، ئېگىز تاغلاردىن باشلانغان بۇ دەريالارنىڭ سۈيىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل كىلىماتتىن ئىبارەت. ھاۋانىڭ ئىسسىشى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كەلكۈن پەيدا قىلسا، ۋاقىتنىڭ ئۇزدىرىشى بىلەن مۇزلۇقلارنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇزلۇقلارنىڭ چېكىنىشى دەريا سۈيىنىڭ ئازلىشىنى، ئېقىنىنىڭ قىسقىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك، كروران شەھىرى مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى 20 يىل ئىچىدە، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، 590 ـ يىلدىن 620 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كىلىماتنىڭ قۇرغاق، ئىللىق بولۇشى سەۋەبىدىن كۆنچى دەرياسىنىڭ كروران رايونىغا كېلىدىغان سۈيىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكى ياكى تامامەن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى (ياكى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن دەريانىڭ ئېقىن يۆتكەپ پاتالىق كۆلدىن تۆۋەن قىسمىغا سۇ كەلمىگەن، كۆنچى دەرياسىنىڭ پۈتۈن ئېقىنى مۇشۇ جايدىن كىچىك مىرەن ئېقىنىدا ئېقىپ تارىم دەرياسى ئېقىنىغا قۇيۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن) سەۋەبىدىن كروران شەھىرى سۇسىز قېلىپ خارابلاشقان، ئاخىرقى ھېسابتا ئەڭ ئاخىرقى ئاھالىلەرنىڭمۇ شەھەرنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز. كروران شەھىرى خارابلاشقانلىقتىن، ئاھالىلەردىن بىر قىسمىنىڭ قومۇل شەھىرى تەۋەسىگە بېرىپ يۇرت بەرپا قىلغان ۋاقتى 630 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ. [19] قايتىدىن بەرپا قىلىنغان بۇ يۇرت يازمىلاردا 纳职 دەپ ئاتالغان. ئاتاقلىق ئالىم فېڭ چېڭجۈن 纳职 دېگەن نامنىڭ «نابچىق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ جاي كۆنەمىزدىكى «لاپچۇق» ئىكەنلىكى ئايان. يازما ۋە باشقا ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغىنىمىزدا، 550 ـ يىللاردىن كېيىن كۆنچى

www.uyghurkitap.com

دەرياسىنىڭ سۈيى تەدرىجىي ئازلىغان، ئەمما 600 ـ يىللار ئەتراپىدا ئېقىن تامامەن ئۈزۈلۈپ قالغان ھەم ئاھالىلەر پۈتۈنلەي كۆچۈپ كەتكەن. بۇنى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە يېزىلغان، 630 ـ يىللىرىدا تاڭ شۈەنزاڭ چالمادانادىن مەشرىققە 1000 يولدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ قەدىمكى نوب ئېلىگە كەلدىم، بۇ يەر كرورانىدۇر [20]، دېگەن بايانلىرىدىن بىلىمىز. ئەنە شۇ 7 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا بۇ ئەتراپلارنىڭ يەنى يىپەك يولىنىڭ چەرچەندىن دۈنخۇاڭغىچە بولغان بۆلىكىنىڭ پۈتۈنلەي خارابلىشىپ بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. مۇشۇ قاراشلىرىمىزغا ياندىشىپ، فاشيەن ئۆتكەن چەرچەننىڭ باشقا جاي ئەمەس كروران ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. فاشيەن، 399 ـ يىلى 4000 دىن ئارتۇق راھىب بار دېگەن چوڭ شەھەر كروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنى كۆرستىدۇ. فاشيەن ئارگى (قاراشەھەر) غا بېرىشتا كروراندىن ئۆتۈپ كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ ماڭغان، شۇڭا ئۇنىڭ قاراشەھەرگە بېرىشى ئۈچۈن ھازىرقى چاقىلىق بوستانلىقىغا بېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. پىروفېسسور خۇاڭ شېڭجاڭ «فاشيەن تەزكىرىسى»دىكى چەرچەن ئېلىنىڭ قەدىمكى كروران يەنى كروران شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي باشقا ئامال يوق. قارۇشتى پۈتۈكلىرىدىن kh.678 بىلەن kh.706 چەرچەن ئېلىنىڭ پايتەختىنىڭ كروران ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرىدۇ» [21]، دەپ يازغان. يەنە بىر مەسىلە شۇكى، چەرچەن ئېلىنىڭ خاقانى بەگرۇڭ دۈنخۇاڭدىن تۇرپاننى نىشانلاپ ماڭغان قوتقۇ ئۇرغۇ باشچىلىقىدىكى 10 مىڭدىن ئوشۇق ئىچىرقىغان ئاھالىدىن قورقۇپ، قېچىپ سارمادان (ھازىرقى چەرچەن)گە كەتكەن. قارىشىمچە، خاقان بەگرۇڭ شۇ ۋاقىتتا كروراندا بولۇپ، يۇقىرىقى خەۋەرنى ئالدىن ئىگىلىگەندىن كېيىن، كروراننى تاشلاپ قاچقان. ناۋادا خاقان بەگرۇڭ ھازىرقى چاقىلىق بازىرى ياكى مىرەن بوستانلىقىدا بولغان بولسا ئۇنداق ئالدىرىشىنىڭ، تۇرپاننى نىشانلاپ ماڭغان بۇ كىشىلەردىن ۋەھىمە قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان بولاتتى، ئۇلارمۇ نەچچە يۈز كىلومېتىر يولنى بېسىپ كېلىپ چاقىلىق ناھىيە بازىرىنى ئىگىلەپ يۈرمەيتتى. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، كروران 445 ـ يىلمۇ گۈللىنىپ تۇرغان، جۈملىدىن خاقان بەگرۇڭ قېچىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بۇرۇنقەدەك ئاۋات بولمىسۇ، ئۇن نەچچە مىڭ ئاھالە داۋاملىق ياشاپ قالغان. 445 ـ يىلدىن كېيىنمۇ كروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاھالىلەر ياشاپ تۇرغانىدى. سۇنىڭ ئازلىشى تۈپەيلىدىن تەدرىجىي يۇرت ـ ماكانىدىن كۆچۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە 600 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تامامەن تاشلىنىپ قالغان. كروران شەھىرى رايونىغا سۇ كەلمىگەنلىكتىن ئاھالىلەر بۇ يەرنى تاشلاپ يېڭى ھاياتلىق ماكانى ئىزدەپ كۆچكەن، شۇلاردىن بىر بۆلەك قومۇلغا كۆچۈپ بېرىپ لاپچۇقنى بەرپا قىلىپ ياشىغان. خۇلاسە قىلغاندا، كروراننىڭ ۋەيران بولۇشىنى كىلىماتنىڭ ئىللىپ كېتىشى، قۇرغاقلىشىشى، مۇزلۇقلارنىڭ چېكىنىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنىنىڭ قىسقىرىشى ياكى ئېقىن يۆتكىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇزلۇقلارنىڭ چېكىنىشى كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ ئازلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئاخىرقى ھېسابتا كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى زىيادە ئازلىغانلىقتىن، ئېقىن 550 ـ يىللاردىن كېيىن تەدرىجىي كىچىك مىرەن ئېقىنىدىلا ئېقىپ، ئاياغ قىسمىغا، جۈملىدىن كروران رايونىغا سۇ كەلمىگەن، بەلكىم مۇشۇ دەۋرلەردە دەريا قىنىدىكى بەزى گۈمۈرۈلۈشلەر سۈيى ئازلا قالغان ئېقىنىنىڭ توسۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**ئىزاھاتلار:**


[1] خۇاڭ شېڭجاڭ: «كروراننىڭ پايتەختى مۇنازىرىسىنىڭ تۈگۈنىنىڭ قىيىن نۇقتىلىرىنى يېشىش ۋە LA شەھىرىنىڭ غەربىي خەن دەۋرىدىكى كروران شەھىرى ئىكەنلىكىگە يېڭى ئىسپات»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2000 ـ يىللىق 1 ـ سان، 72 ـ بەت.

[2] سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 490 ـ بەت.

[3] خۇسەن: «قۇچۇ ۋە كرورانغا ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرىدىن توپلام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 244 ـ ، 280 ـ بەتلەر.

[4] خۇاڭ شېڭجاڭ: «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ دەسلەپكى ئاھالىلىرى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە، 13 ـ بەت.

[5] «فاشيەن تەزكىرىسى»، ياڭ جيەنشىننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تاللاپ شەرھلەنگەن «غەربىي يۇرتقا سەپەر خاتىرىلىرى (تاللانما ۋە شەرھ)» نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ

يىلى خەنزۇچە نەشرى، 32 ـ بەت.

[6] شيا شۈنچېڭ، فەنزىلى: «لوپ كۆلى رايونىنىڭ مۇھىتى ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى توغرىسىدا»، «قۇرغاق رايون شىنجاڭنىڭ 4 ـ دەۋرى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن توپلام» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 16 ـ بەت.

[7] يۇقىرىقى ماتېرىيال، 18 ـ بەت.

[8] شياشۈنچېڭ، فەن زىلى «لوپ كۆلى رايونىنىڭ مۇھىت ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى توغرىسىدا»، «قۇرغاق رايون شىنجاڭنىڭ 4 ـ دەۋرى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن توپلام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 18 ـ بەت.

[9] «شىنجاڭ گېزىتى» 2012 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر سانى (ئۇيغۇرچە) 1 ـ بەت.

[10] «شىنجاڭ گېزىتى» 2012 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر (ئۇيغۇرچە) 1 ـ بەت.

[11] تۈمەنپو ـــ تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر ناھىيەسى تەۋەسىدىكى تىكەنلىك ئەتراپىغا يېقىن جايدىكى بىر تارامنىڭ نامى. ھازىرقى دېھقانچىلىق 2 ـ دېۋىزىيەسى 33 ـ پولك تەۋەسىدىكى كۆزلەك مەھەللىسىنىڭ غەربكە قىيپاش شىمالىدا.

[12] تارتما كۆلى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 50 كىلومېتىردەك شىمالىدا بولۇپ قارابوران كۆلىنىڭ بىر قىسمى، ھازىر كۆل ھاسىل بولغان جايلار شۇ كۆلنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇ كۆلنىڭ نامى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 台特玛湖 دېيىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر خىل قاراشلار بولدى. سېۋىن ھېدىنىڭ 1901 ـ يىلىدىكى خەرىتىسىدە taitma دەپ ئېلىنغان، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن سۈيى تارتىلىپ كېتىدىغان كۆل مەنىسىدە مەنبەسىنى «تايتما ـ تارتما» كۆلى دەپ قارىدىم.

[13] دەريالارنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى بايانلاردا «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىكى شى گوجىننىڭ «لوپ كۆلىنىڭ كۆچۈشىنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە يېڭى بايقاش» ناملىق ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى.

[14] شياچۈنچېڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو لوپ كۆلى» پەن نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 296 ـ بەت.

[15] جۇڭ ۋېي، تۇرسۇن قاسىم، قېيۇم... «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تارتما كۆلىنىڭ 25.okaBP دىن بۇيانقى ھاۋا ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى»، «قۇرغاق رايون جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سان.

[16] جۇڭ ۋېي، ۋاڭ لىگو، لى سى «تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىنىڭ 9 ~ 14 ـ ئەسىرلەردىكى ھاۋا كىلىمات ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەتقىقات»، «قۇرغاق رايون بايلىقى ۋە مۇھىت» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 2004 ـ يىللىق 3 ـ سان.

[17] جۇڭ ۋېي، تاشپولات تېيىپ، ۋاڭ لىگو، لى سى «تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنىڭ تارىختىكى ھاۋا ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ جەريانى بىلەن ئالاھىدىلىكى»، «جۇڭگو قۇملۇقلىرى» 2004 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سان، خەنزۇچە، 266 ـ بەت.

[18] شې يۈنچېڭ: «تارىم قۇملۇقىنى گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش توغرىسىدا تەھلىل»، «شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 4 ـ سان، 48 ـ بەت.

[19] تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى جىفۇ يازغان «يۈەنخې ئايمىقىدىكى ناھىيەلەر تەزكىرىسى»گە قاراڭ، جۇڭخۇ كىتابچىلىق ئىدارىسى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى ۋە «كونا تاڭنامە» 40 ـ جىلدقا قاراڭ.

[20] شۈەن زاڭ: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت»، يۈلۇ نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 702 ـ بەت.

[21] خۇاڭ شېڭجاڭ: «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى بۇرۇنقى ئاھالىلەر»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1992 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ سان 13 ـ بەت

---

ئاپتور: چاقىلىق ناھىيە تېلېگراف شىركىتىدە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى ئەرپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

باھارگۈل ئىمىن، ئابلىمىت مۇھەممەد ماڭلاي



# يەنە «بۇخارا ئۇيغۇرسى» توغرىسىدا

(ئوتتۇرا ئاسىيا، تارىم بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يېقىنقى زاماندىكى دىنىي-ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئىدېئولوگىيەسى ھەققىدە تەھلىل)

بىز ئۆتكەنكى ماقالىمىزدە، قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە تارىم بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يېقىنقى زامان دەۋرىگە كەلگەندە قالاق ئىجتىمائىي ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ تارىخىي سەۋەبلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك سۈرەتلەپ تەھلىل يۈرگۈزگەن. شۇنىڭدەك نۇقتىلىق قىلىپ بۇخارا - سەمەرقەنتلىك سوپىزم ئىشان - سوپىلىرىنىڭ ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن بۇيانقى 1000 يىل مابەينىدە تارىم بوستانلىقىدا دىنىي ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ، بۇ دەۋرلەردە ئۆتكەن خانلىق - سۇلتانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئويان - بۇيان قىلىپ كەلدى، دېگەنىدۇق.

يۇقىرىقى ئەھۋالدىن ئېھتىمال بىزدە نېمە ئۈچۈن بۇخارا - سەمەرقەنتلىك سوپا - ئىشانلار، تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى ئەتراپىدا نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا دىنىي ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ، ئۆز تەسىرىنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرالايدۇ؟ ھەتتا ئۇلارنىڭ تەسىر كۆرسەتكەن دەۋر تارىخى 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى سامانىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇناسىر

(ساماني)نىڭ تەلىم بېرىشى ۋە تەسىرىدە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئابدۇل كەرىم دېگەن ئىسلام نامى بىلەن ئىسلام ئاچقاندىن تارتىپ، تاكى 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگەندە قوقەند خانلىقىدىن مۇھەممەد ياقۇپبەگ قوشبېگى شىنجاڭغا بېسىپ كىرگەندە بىللە كەلگەن جاھاڭگىر خوجىنىڭ نەۋرىسى بۇزۇرۇكخانغا قەدەر ئاز كەم دېگەندە 900 يىل داۋاملاشتى ھەمدە ئۇلار تارىم ۋە جۇڭغار بوستانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تارىخىي تەرەققىياتىغا ھەر خىل ئىجتىمائىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، بۇ گۈزەل ئەزىز تۇپراقنىڭ نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا جاھالەتچىلىك، قالاقلىق، نادانلىق ۋە نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى؟ ئۆزىمىزنىڭ غەربىي يۇرتىغا خاس مەدەنىيەت ئەندىزىمىز يوقمىدى؟ بىز نېمە ئۈچۈن سىرتتىن كەلگەن دىنىي كۈچلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز؟ بىز تارىمىلىقلار شۇنچە نادان ۋە ياۋاش مۇلايىم خەلقمۇ؟ دېگەن سوئاللار تۇغۇلۇشى مۇمكىن، بۇ سوئالغا بىز يەنىلا يىراق تارىخ تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن جاۋاب تاپالىشىمىز مۇمكىن. 13 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى چىڭگىزخان غەربكە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشتىن بۇرۇن ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا كىرىپ، قاراخانىيلار دەۋرىدە ھۆكۈمران دىنغا ئايلىنىپ بولغانىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئىسلام دىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاساسەن چوقۇنىدىغان ئاساسلىق دىنىغا ئايلانغانىدى. چىڭگىزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلىپ خانلىق تېررىتورىيەسىدە «ئۇيغۇر چاغاتاي تىلى» ئاساسىدا يېڭىچە مەدەنىيەت — «چاغاتاي موغۇل مەدەنىيىتى» شەكىللەندى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قومۇل، تۇرپان، پىچانلارنى مەركەز قىلغان ھالدا «ئۇيغۇرىيە» (维吾尔地)، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئاساس قىلىپ قەشقەر، ئاقسۇ، فەرغانە، تاشكەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا «ماڭلاي سۈيەر زېمىنى» (向阳地)، تەڭرىتاغنىڭ غەربىي شىمالىي تەرەپلىرىنى تېررىتورىيە قىلغان ھالدا ماۋرەئۇننەھرى ياكى موغۇلىستان [1] دەپ ئۈچكە ئايرىلغانىدى. بۇ دەۋرلەردە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇيغۇرلاشقان موڭغۇللار ياكى موغۇللار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئەندىزىسى يەنى «ئۇيغۇر - موڭغۇل» ياكى بولمىسا «موغۇل مەدەنىيىتى»نى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇ دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ۋە خانلىق سۇلالىلەرنىڭ مەركىزى ئىزچىل تۈردە سەمەرقەنت، بۇخارا، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە ھىراتلاردا بولۇپ خانلىق تەختىگاھىنى تالىشىش ھەمدە بۇ مەركىزىي شەھەرلەردىكى دىنىي ھۆكۈمرانلىقنى تالىشىش كۈرەشلىرى بىر - بىرىگە ئىرماش - چىرماش باغلىنىپ كەتكەنىدى. تەخت تالىشىش بىلەن دىنىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تالىشىش كۈرەشلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ رەھىمسىزلەرچە ئېلىپ بېرىلاتتى. نەتىجىدە خانلىق- سۇلتانلىقلارنىڭ داۋاملىق ئالمىشىپ تۇرۇشى ۋە ئاغدۇرۇلۇپ تۇرغىنىغا ئوخشاش ئۆز نۆۋىتىدە ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ پىر - ئۇستازلىرىمۇ بۇخارا - سەمەرقەنتتىن پات - پات قوغلىنىپ تارىم ۋادىلىرىدا يېڭى دىنىي ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈش، شۇنىڭدەك بۇ يەرلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىش ئۈچۈن فەرغانە ماۋرەئۇننەھر ۋە خارەزىم رايونلىرىدىن ئالدى بىلەن قەشقەر ۋە يەكەننى مەركەز قىلغان ماڭلاي سۈيەر زېمىنغا يېتىپ كېلىشەتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سودا بىلەن، بەزىلىرى دەرۋىش - زاھىت ئاشىق قىياپىتىدە، بەزىلىرى بولسا بۇخارائى شەرىپىنىڭ كاتتا ئۆلىما پىر - ئۇستازلىرى سۈپىتىدە ئاتۇش، يەكەن، قەشقەر، كۇچالاردا كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ سوپىزىم ئېشان سۇلۇك تەلىماتىنى ھەممىلا جايدا تەرغىپ قىلىپ، تارىم بوستانلىقىدا ئۈچ چوڭ جەمەت دىنىي ھۆكۈمرانلىق نوپۇزىنى تىكلىگەنىدى. بىز گەپنى ئەمدى ئىسلام دىنىنىڭ ئاتۇشقا تارقىلىشىدىن باشلايلى:

**1. ئىسلام دىنىنىڭ تارىم، جۇڭغار ۋادىلىرىغا تارقىلىشى**

9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىككى كۈچلۈك خانلىق — بالاساغۇن ۋە قەشقەرنى پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار بىلەن ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ زېمىنى بىلەن تەڭ دېگۈدەك تېر-

رىتورىيەگە ئىگە سامانىيە خانلىقىنىڭ دىنىي سىياسىي كۈرەشى مەۋجۇت ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران ئورنىدىكى دىنى بۇددا دىنى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا نەستورىيان، خىرىستىيان دىنى قاتارلىقلارمۇ مەۋجۇت ئىدى. مىلادىيە 893 ـ يىلى سامانىيلار خانلىقى بالاساغۇننى ئىشغال قىلىپ، قاراخانىيلارنىڭ 2 ـ خانى ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ ئايالى قاتارلىق 15 مىڭ لەشكىرىنى ئەسىرگە ئالدۇ ۋە نۇرغۇن ئەسىرنى قەتل قىلدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇلچاق قادىرخان قەشقەرگە چېكىنىپ بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى خىل دىنغا ئىشىنىدىغان ئۇ ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت تۈگىمەيدۇ.

سامانىيلار خانلىقى بالاساغۇننى ئىگىلەپ ئۇزاق ئۆتمەي خانلىق ئىچكى قىسمىدا نىزا پەيدا بولۇپ، شاھزادە ئەبۇ ناسىر ئىبنى مەنسۇر (سامانىي) قەشقەرگە ئوغۇلچاق قادىرخان ھۇزۇرىغا پاناھلىق تىلەپ كېلىدۇ. پۇرسەت كۈتۈپ ئۆچىنى ئېلىش كويىدا يۈرگەن ئوغۇلچاق قادىرخان، ناسىر شاھزادىدىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا خۇش چىراي ئېچىپ پاناھلىق بېرىدۇ. بەلكى سەممىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شاھزادە ناسىرنى ئاتۇش رايونىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ. شاھزادە ئەبۇ ناسىر سامانىي ئاتۇشتا ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن بۇخارا ـ سەمەرقەنتلىك سودىگەرلەر توپ ـ توپى بىلەن ئاتۇشقا كېلىپ سودا ـ سېتىق باشلىۋېتىدۇ. ئوغۇلچاق قادىرخانمۇ پات ـ پات ئاتۇشقا كېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ يىپەك ـ شايى، تاۋار ـ دۇردۇن، قەنت ـ شېكەرلىرىنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ، شاھزادە ئەبۇ ناسىر سامانىيمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭغا بۇخارا ـ سەمەرقەنتنىڭ ئېسىل مال ـ دۇنيالىرىنى سوۋغا قىلىپ ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. شۇنداق ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھزادە ناسىر ھاكىمبەگ ئوغۇلچاق قادىرخانغا: «مۇھتەرەم ئالىيلىرى ئىلتىپات قىلىپ ئاتۇشتىن پېقىرغا بىر كالا تېرىسىچىلىك يەرنى ھەدىيە قىلغان بولسىلا، ئۇ يەرگە مەسچىت سېلىپ ئۆزۈمنىڭ ھەقتائالا ئۇلۇغ ئىگەمگە ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلسام» دەپ ئىلتىماس قىلغاندا، ئىسلام دىنىغا ئاداۋىتى بار ئوغۇلچاقخان ئۆزىنىڭ شاھزادە ناسىرغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇناسىر (سامانىي) بىر پارچە كالا تېرىسىنى تىلىپ تاسما قىلىپ كەڭ بىر پارچە يەرنى تاسما مېتىر بىلەن ئۆلچەپ ناھايىتى چوڭ بىر كاتتا مەسچىتنى سالىدۇ. بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى بەلكى تارىم بوستانلىقىدىكى تۇنجى قېتىم سېلىنغان مەسچىت بولۇپ، تاكى 14 ـ ئەسىرگىچە غەربىي يۇرت بويىچە ھەممىدىن چوڭ مەسچىت بولۇپ ساقلىنىپ كەلگەن.

ئوغۇلچاق قادىرخان ئەسلىدە ئىسلام دىنىدىكى ئەبۇناسىر سامانىيدىن پايدىلىنىپ سامانىيلارغا زەربە بەرمەكچى ئىدى. ئەمما تارىخنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى ئۇ ئويلىغاندەك بولمىدى. قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خاقانى باتۇر ئارسلانخاننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ساتۇق بۇغراخان دادىسىدىن كىچىك قالغانلىقى ئۈچۈن تاغىسى ئوغۇلچاقخاننىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغانىدى. «قەشقەر تارىخى»، ئابدۇللا جەفىرىنىڭ خاتىرىلىشىچىمۇ، ساتۇق بۇغراخان، ئەبۇناسىر سامانىينىڭ تەسىرىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ھەمدە بۇ ئىشنى تاغىسىدىن مەخپىي تۇتۇپ، 3000 خاس مەھرەم چەۋەنداز تەشكىللەپ، فەرغانىلىكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تاغىسى ئوغۇلچاق قادىرخانى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىدۇ.

ساتۇق بۇغراخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىپ، باشقا دىنلارنى چەكلەپ، ئىسلامنى كېڭەيتىش ئورۇشى ئېلىپ بارىدۇ. ھەمدە كۆپ ئۆتمەي بالاساغۇندىكى چوڭ قاراخانىنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتكۈل قاراخانىيلارنىڭ سەلتەنەت تىزگىنىنى ئىلكىگە ئالىدۇ.

مىلادى 956 ـ يىلى (قەمەرىيە 344 ـ يىلى) ساتۇق بۇغراخان قەشقەردە ۋاپات بولۇپ، ئاتۇشتا دەپنە قىلىنىدۇ. تەخت ۋارىسى چوڭ ئوغلى مۇسا ئارسلانخان تەختكە چىققاندىن كېيىن قاتتىق قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزۈپ ئىسلام دىنىنى پۈتكۈل خانلىق تېررىتورىيەسىدە ئومۇملاشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ ھەمدە نۇرغۇن قارشىلىقلارنى بېسىقتۇرۇپ، بالاساغۇننى قايتا ئىشغال قىلىپ، قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يېڭى سەلتەنىتىنى باشلايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام دىنىنىڭ پۈتكۈل تارىم ۋادىسىغا تارقىلىشىغا ساتۇق بۇغراخان

ۋە مۇسا ئارسلانخان خانلىق نۇقتىسىدىن قانۇنىي ئاساس سالغان، ئەينى ۋاقىتتا بۇ جەھەتتە كۈچلۈك مەنىۋى رول ئوينىغان نىشاپورلۇق سوپىزىم سۇلۇك تەلىماتىنىڭ پائالىيەتچىسى سوپى كارامەتنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. ئۇ مۇسا ئارسلانخاننىڭ دىنىي باش مەسلىھەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ تارىم دەرياسىنىڭ بىپايان كەڭ ساھىللىرىدا ئىسلام دىنىي تەلىماتى تەرغىباتچىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قوزغىغانىكەن. ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى ئاشىرنىڭ «تارىخىي ئومۇمىيە»دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى ئىسلاملىشىش ھەرىكىتىدە مىلادى 960 ـ يىلىغا كەلگەندە 200 مىڭ تۇتۇن چېدىر، تۈرك ئاھالىسى يەنى 600 مىڭدىن 800 مىڭغا يېقىن تۈرك قوۋمى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. دېمەك، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلام دىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىدە بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي دىنىغا ئايلاندى.

**2. غەربىي لياۋ سۇلالىسى ۋە چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئىسلام ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسى.**

مۇسا ئارسلانخان، ئىسلام دىنىنى ھۆكۈمران دىن قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن بۇددىزم ئىدېئولوگىيەسى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئۇدۇن خانلىقى قاتارلىق ئەتراپىدىكى كىچىك دۆلەت ـ بەگلىكلەرگە كەڭ كۆلەمدە دىنىي ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇرۇش ئالدى ـ كەينى بولۇپ 100 يىلغا يېقىن داۋاملىشىپ، مۇسا ئارسلانخاننىڭ شاھزادىسى ئەلى ئارسلانخاننىڭ قەشقەر ئەتراپىدىكى ئوردا مازاردىكى جەڭدە ئۆلۈشى بىلەن تامام بولدۇ، ئۆزىمۇ كېيىنكى چاغلاردا ئوردا مازاردىكى ئالتۇنلۇققا دەپنە قىلىندۇ. ئۇنىڭ مازىرى قەشقەردە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ئەھمەد ئىبنى ئەلى توقانخان تەختكە چىققان مەزگىللەردە قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار بىلەن خوتەننى مەركەز قىلغان ئۇدۇن خانلىقى ۋە قوچۇنى مەركەز قىلغان بۇددا ئۇيغۇرلىرى ھەمدە سامانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا دىنىي توقۇنۇشلار ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەر بولۇپ، 1006 ـ يىلى ئۇدۇن خانلىقى بويسۇندۇرۇلدى. [2] شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن «تۆت ئىماملىرىم» ۋە «يەتتە ئىماملىرىم» خوتەندىكى قايتا ئىسيان كۆتەرگەن بۇددىستلار بىلەن بولغان جەڭدە شېھىت بولدى. جۈملىدىن قەشقەر، يېڭىسار ئەتراپلىرىدا قاتتىق جەڭ بولۇپ نۇرغۇن بۇددا ۋە ئىسلام مۇخلىسلىرى قازا قىلىپ، مۇسۇلمانلار «شېھىت مازار» نامىدا، بۇددىستلار بولسا نامۇ ـ نىشانسىز خوتەن، يېڭىسار ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى توپا دۆڭلۈكلەردە ئەبەدىي ئۇيقۇغا كېتىشتى.

ئەھمەد تۇغانخان گەرچە ئۆز سەلتەنىتىدە سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ، قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيەسىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىدىقۇت بۇددا ئۇيغۇرلىرىغا بولغان جەڭدە گاھى غەلىبە قىلىپ گاھى مەغلۇپ بولۇپ، ئەڭ ئاخىرى غازات ئۇرۇشىنىڭ تۈگىمەس جاپا ـ مۇشەققەت، غەم ـ ئەندىشىسىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئىسلام دىنى قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پايتەختى بولۇپ كېلىۋاتقان تۇرپان ۋادىسىدىكى ئىدىقۇت خانلىقى زېمىنىغا كېڭەيتىش ئارزۇسى ئۆزى بىلەن بىللە ئارماندا كەتتى.

ئەھمەد تۇغانخاننىڭ ئوغلى يۈسۈپ قادىرخان تەختكە چىققان دەۋرلەردە، خانلىق سەلتەنىتىدە ئىچكى نىزا ئېغىرلىشىپ، پۈتكۈل سۇلالە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندى. 1032 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ۋاپاتى بىلەن، بۈيۈك قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەت قۇياشى غەربكە پاتقان مەزگىللەرگە توغرا كەلگەندى. ئەينى ۋاقىتتىكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى شۇنىڭدەك غەربىي ھەمدە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە بولسا ئىسلام دىنى بۇ رايونلاردا ئاساسەن ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىپ، ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى شەكىللەنگەن، تۇرپاننى يەنى قوچۇ خانلىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا بۇددا دىنى، شامان دىنى ۋە نېستورىيان دىنلىرىمۇ مۇئەييەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان كۆپ خىل دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسىمۇ بارا ـ بارا شەكىللىنىۋاتقان دەۋرگە قەدەم قويغان مەزگىللەر ئىدى.

غەربىي لياۋ قىتان خانلىقى 12 ـ ، 13 ـ ئەسىرلەردە بىزنىڭ غەربىي يۇرتتا تىكلەنگەن ھاكىمىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ياللۇق تاشىن بولۇپ ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئىدى. ئۇ ئۆز پادىشاھى بىلەن زىددىيەتلىشىپ

قالغانلىقتىن 1124 - يىلى غەربكە قاراپ كۆچۈپ، 1130 - يىلى ھازىرقى دۆربىلجىن تەۋەلىكىگە كېلىپ، سېپىل سوقۇپ كۈچ توپلاپ ئۆزىنى «گۈرخان» دەپ ئاتاپ غەربىي لياۋ، غەربىي قىتان خانلىقىنى قۇردى. بۇ زامانلاردا ئېلىمىزنىڭ مەركىزىي خانلىقى، جەنۇبىي سۇڭ ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرى بولۇپ، شەرقتە «شەنخەيدىگۈەن» قوۋۇقىدىن غەربتە «جيايۈگۈەن» قوۋۇقىغىچە بولغان سەددىچىننىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى ئىدارە قىلىۋاتقان مەزگىللەر ئىدى.

غەربىي لياۋ قىتان خانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن تۆت ئەتراپىغا لەشكەر تارتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى مۇنقەرز قىلدۇ ھەمدە كۆپ ئۆتمەي قوچۇ خانلىقىنىمۇ بېيئەت قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن قىتان خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى، شەرقتە موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ تۇرا دەرياسىدىن غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارازىم دېڭىزى (ئىسسىق كۆل)، جەنۇبتا قارا قۇرۇم تاغلىرى، شىمالدا بالقاش كۆلىگىچە كېڭىيىپ بارغان. بۇ كەڭ زېمىندا ئۇيغۇر، قارلۇق، تاجىك، سوغدى، بوكەتلەر، موڭغۇللاردىن باشقا يەنە غەربىي ئاسىيادىن كەلگەن ئەرەبلەر، پارسلار، سۇرىيەلىكلەر، يەھۇدىيلارمۇ ياشايتتى.

غەربىي قىتان لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئاساسلىق دىنلاردىن ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، تويىن دىنى، نېستورىي دىنى، مانى دىنى، زورو ئاستىرا دىنى ۋە شامان دىنلىرى تەڭ مەۋجۇت ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەت ۋە ئادەم سانى ئەڭ كۆپ دىنلار بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئىسلام دىنى ئاساسلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن غەربى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلار، ئېتىقاد قىلغۇچىلار تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى ئۇيغۇرلار، قارلۇق قەبىلىسى ۋە شەرقىي پارس تىلدا سۆزلەشكۈچى تاجىكلار ۋە سوغدىلار ۋە بىر قىسىم غەربىي ئاسىيالىقلار ئىدى. بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىغانلار ئاساسلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى خەنزۇلار، قىتانلار ئىدى. تويىن، نېستورى، مانى، زورو ئاستىر، شامان دىنلىرى، يۇقىرىقى ئىككى دىنغا ئىشەنگۈچى ھەرقايسى مىللەت ۋە قوۋملار ئىچىدە قىسمەن مەۋجۇت بولۇپ، كۆپ خىل دىن ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ، تەڭ مەۋجۇت بولۇشتەك ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

غەربىي لياۋ قىتان خانلىقىدا، تېررىتورىيە — زېمىننىڭ كەڭ بولۇشى، مىللەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشى دىنىي ئېتىقادنىڭ مۇرەككەپلىكى قاتارلىق ئامىللار ھۆكۈمرانلارنىڭ سەلتەنەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى ۋە تۈپكى دۆلەت سىياسىتىنى بەلگىلىگەنىدى.

دىنىي سىياسەت جەھەتتە: بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىغان غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى — يەرلىك مىللەتلەرگە مەجبۇرىي تاڭمىدى. ھەمدە بۇددا دىنىنىمۇ دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىمىدى بەلكى ئۆزلىرىنىڭ «باشقا مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا يول قويۇش» [3] ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە ھەرقايسى دىنلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ۋە كەمسىتمەسلىكتىن ئىبارەت دىنىي ئېتىقادقا يول قويۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. دېمەك بۇ — ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشقا پايدىلىق ئىدى.

چۈنكى، غەربىي لياۋ، قىتان خانلىقى، ئىسلام دىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي ئېتەكلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى، تۈنجى قېتىم بۇ رايوندا تىكلەنگەن ئىسلام دىنىدا بولمىغان ھاكىمىيەت ھېسابلىناتتى. بۇنداق ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم ئىدېئولوگىيەسى رايونلىرىدا، سەلتەنەت بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش - قىلالماسلىق، قارا قىتان خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە، شۇنىڭدەك ئۇزاق مۇددەت ئەمىنلىكىگە باغلىق زور مەسىلە بولۇپ ھېسابلىناتتى. غەربىي لياۋ قىتان خانلىقىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى يول قويۇش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە، ھەرقايسى دىنلار چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەڭ باراۋەر ئورۇندا ۋە ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ھېچقايسىسى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەنمىگەن، بەلكى ھېچقانداق دىنىنىڭ ئۆزىنى بۈيۈك دەپ قىلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى تەبىئىي ھالدا ئۆتكەن زامانىدىكى ئۇلۇغلۇق ئورنىدىن بارا - بارا

مەھرۇم بولغان. نەتىجىدە غەربىي لياۋ، قىتان خانلىقى، ئىسلامىزم ئىدېئولوگىيە سىياسىي كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىپ ئۆز ھاكىمىيىتىگە تەھدىت پەيدا قىلىشىدىن ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاھالىنىڭ كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن مۇسۇلمانلار بىلەن قارشىلىشىپ توقۇنۇشۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغان. ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىتتا، غەربىي لياۋ خانلىقىنىڭ دىندا يول قويۇش سىياستى، شۈبھىسىزكى بىر دانا سىياسەت ۋە ئاقىلانە تەدبىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دېسەك ئانچە ئارتۇق كەتمەسە كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە كۈچلۈك خان غەربىي لياۋ ھاكىمىيتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى دىنىي سىياسەتنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن يۇقىرى بېسىم سىياستىنى يۈرگۈزۈپ مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ باشقا دىنلارغا ئىشىنىشكە مەجبۇرلىغاندا، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ۋە قارشىلىشىشىنى قوزغىغان. نەتىجىدە چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل قوشۇنى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق زەربە بېرىشى بىلەن تېز سۈرئەتتە يىمىرىلگەنىدى.

چىڭگىزخان غەربىي يۇرتنى 1218 ـ يىلى ئىگىلىگەن مەزگىللەردە ئىدىقۇت خانلىقى ۋە غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغانىدى. چىڭگىزخان 1206 ـ يىلى پۈتكۈل موڭغۇل خانلىقىنىڭ خاقانى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن 20 يىل ئىچىدە بەش قېتىم غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن 1209 ـ يىلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى بەيئەت قىلدۇردى، 1218 ـ يىلى قارا قىتانلارنى يوقاتتى.

1219 ـ يىلى تۆت يولغا بۆلۈنۈپ، خارازىم خانلىقىغا يۈرۈش قىلىپ ئۇنى بويسۇندۇردى. 1227 ـ يىلى چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىدا كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن موڭغۇل قوشۇنىنىڭ غەربكە قىلغان ئىستېلا قىلىش قەدىمى قىلچە توختاپ قالمىدى. 1237 ـ يىلى ئۇلار رۇسىيە زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەردىن پولشا، ۋېنگرىيەلەرگە بېسىپ كىردى. موڭغۇللارنىڭ يەنە بىر تارمىقى ھۇلا كونىڭ قوماندانلىقىدا 1258 ـ يىلى باغدادنى ئىشغال قىلدى. يەنە ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ، سۈرىيەگە بېسىپ كىردى. ئۇلارنىڭ غەربكە قىلغان كەڭ كۆلەملىك ئىستېلاسى 1260 ـ يىلى يېرۇسالېمنىڭ شىمالىدىكى جەڭدە مەغلۇپ بولۇشى بىلەن بىر مەزگىل توختاپ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىشقا مەجبۇر بولدى. كېيىنكى دەۋرلەردە موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەگە كېڭىيىپ، دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئىمپېرىيەگە ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەتتە يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام شەرق مەدەنىيەت چۆكمىسىگە سىڭىپ كىتىپ، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىدىن تارىم ئوتتۇرا ئاسىيا دېھقانچىلىق مەدەنىيەتىگە يەنى شەھەر مەدەنىيىتىگە كۆچتى، دېمەك، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام شەرق مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغۇچىلار بولغان بولسا، چاغاتاي ۋە تۇغلۇق تۆمۈرىيلەر سەلتەنەت دەۋرلىرىگە كەلگەندە يۇقىرىقى مەدەنىيەتنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى، ۋارىسلىرى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچىلىرىغا ئايلاندى. چۈنكى، قىلىچ ـ نەيزىگە تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىققان مەدەنىيەتسىز ئىمپېرىيە، دۇنيانىڭ تارىخ تەرەققىيات سەھنىسىدە مەڭگۈ پۇت تىرەپ تۇرالمايتتى، ئەلۋەتتە.

چىڭگىز ئىمپېرىيەسىنىڭ جاھان ئىمپېرىيەسىگە ھەمدە مەدەنىيەت جەھەتتە دېھقانچىلىق شەھەر مەدەنىيىتىگە ئۆزگىرىشىگە بۇ يەردە ياشاۋاتقان قەدىمىي مىللەتلەردىن بولغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مەدەنىيەتتە يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ موڭغۇل يېزىقىغا ئۆزگىرىشى، چىڭگىزخان، چاغاتاي خان ئوردىلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئالىم ـ ئۆلىما، دانىشمەن، سەركەردە ـ ۋەزىر، باش مۆھۆردار ۋە مەسلىھەتچىلەرنىڭ ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلىشى، ئىلمىي ساھەدە نۇرغۇنلىغان تەرجىمان، ئەدىب مۇئەررىخلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى بولۇپمۇ تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ئەلىشىر نەۋايى، فۇزۇلى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملار ۋە شائىرلارنىڭ جاھانغا تونۇلۇشى، بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى.

يەنە شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىنىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىلىرىدا ئون ئەسىرگە يېقىن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى، ئىسلام دىنى

يۇقىرى تەبىقە پىر ـ ئۇستاز ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ رايوندا ئەۋلادمۇئەۋلاد يەرلىك ھۆكۈمران سىنىپ ۋە تەبىقە ـ گورۇھ بولۇپ مەۋجۇت بولۇشى، دەل قىتان خانلىقىنىڭ دىندا يول قويۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشى ۋە چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەرقايسى سەلتەنەت دەۋرلىرىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تارىم بوستانلىقىدىكى ئىسلام دىنى يۇقىرى تەبىقە جەمەتلىرى ۋە پىر ـ ئۇستاز سوپا ـ ئىشانلىرىغا ئالىي مەرتىۋە بېرىپ، يەرلىك ھاكىمىيەتتىكى ھەربىي ئىشلاردىن باشقا بارلىق باج ـ سېلىق، ئالۋاڭ ـ ياساق، دىنىي ـ شەرئىەت، ھەق ـ تەلەپ، دەۋا، قانۇن ـ نىزام ئىشلىرىنى شۇلارغا تاپشۇرغانلىقى بەلكى ئۇنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە سۈيۈرغال تۈزۈمى سۈپىتىدە يولغا قويۇپ، ئۇلارنى يەرلىك ھۆكۈمرانلىق سىنىپىغا ئايلاندۇرۇشىدىن بولغان دەپ ئېيتىش تامامەن مۇمكىن، دېمەك بۇ تۈزۈم تارىم بوستانلىقى يەنى ماڭلاي سۆيەر زېمىنىدا ئۇدۇمغا ئايلانغان دېيىشكە بولىدۇ.

كونكرېت سىياسەت جەھەتتە: چىڭگىزخان غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، غەربىي لياۋ خانلىقىنىڭ دىندا كەڭ قورساق بولۇپ يول قويۇش سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئوخشاش ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى، بىرىنىڭ ئېگىز، بىرىنىڭ پەس دەپ قارالمايدىغانلىقى، دىنىي ئۆلىما زاتلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا شەخسەن ئۆزى ئالاھىدە پەرمان چۈشۈرگەن. 1253 ـ يىلى ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنىدا تۇرۇۋاتقان، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاقسۆڭەك كاتتىلىرىدىن بولغان سالۇندى، بالاپ تېكىچى بىلەن بىرلىشىپ، بەشبالىقتىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ناماز ئوقۇۋاتقاندا قىرىپ تاشلاشنى پىلانلىغاندا، بۇ سىر موڭغۇل ۋالىيسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، موڭغۇل خانىغا مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، خان دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ سالۇن قاتارلىقلارنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇغان. [4] دېمەكچىمىزكى، موڭغۇل خانلىقى دىنىي سىياسەت جەھەتتە ھەققەتەن ئادىل سىياسەت يۈرگۈزگەن.

يەنە تارىختىن مىسال ئالساق، 13 ـ ئەسىردە چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ئىستىلاسى نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى ئاستىدا خېلىلا گۈللىنىپ روناق تاپقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەردىن بولغان خارازم خانلىقى ۋە باشقا خانلىق سۇلتانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ كۆرەڭلىكى ۋە ئىنتىپاقسىزلىقى تۈپەيلى ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭىلىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئات ئايىغى ئاستىدا قالدى. ئۆرگەنچتەك ئۆز زامانىسىنىڭ نۇرغۇن مەشھۇر شەھەرلىرى نەچچە ئايلاپ يالقۇن ئىچىدە كۆيدۈرۈلۈپ، پۇقرالىرى قەتلىئام قىلىنىپ يەر يۈزىدىن نامى ئۆچۈرۈلدى. سەمەرقەنت، بۇخارالار بولسا نەچچە 100 مىلىڭ سەر ئالتۇن ـ كۈمۈش سوۋغا قىلىش، شەھەرنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىغا تاپشۇرۇش بەدىلىگە ئامان ـ ئېسەن قالغاندەك بولدى.

سەمەرقەنت ـ بۇخاراغا بولغان چىڭگىزخاننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىستىلا سىياسىتى: ئەگەر ئۇنىڭغا قارشى چىقمىسىلا يەرلىكلەرنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا قول تىقمايتتى، بەلكى يەرلىك خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەت ۋە دىنىي ئېتىقاد سىياسىتى ئۇدۇمىنى داۋاملاشتۇرغاندى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خانلىق ۋە سۇلتانلىقلار گەرچە مۇنقەرز قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما دىنىي روھانىيلار، ئىشان ـ سوپىلار تەبىقىسى ۋە مەزكۇر رايوننىڭ ئىسلام دىنىي ئىجتىمائىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئەنئەنىلىرى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ھال ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ يەرلىك دىنىي ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلاندۇرغاندى.

دېمەك، مەۋلانە ئەرشىدىن، مۇھەممەد ئىمىن خوجا مەختۇم ئەزەم نەقشبەندىچىلەر ھەمدە بۇخارا ـ سەمەرقەنتتىكى باشقا مەشھۇر غوجىلار ئەۋلادلىرى چىڭگىز ئىمپېرىيەسى، چاغاتاي خانلىقى، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بەلكى كېيىنكى سەئىدىيە موغۇل خانلىقلىرى دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى ھۆكۈمران تەبىقىسى ۋە بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچ كۈچلۈك ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىغا ئايلانغانىدى. جاھان ئىمپېرىيەسى بولغان چىڭگىز ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمران مىللىتى بولغان موڭغۇللار شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت چۆكمىسىگە چۆكۈپ كەتكەن بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا تارىم دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى قاينىمىغا سىڭىپ كەتتى. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ـ تەلىماتلىرىنى شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنى 1000 يىللاپ بۇ رايوندا ساقلاپ قالدى ۋە راۋاجلاندۇر-

دى ھەممە ئۆزلىرى تەڭ قوشۇلۇپ باشقا يات مىللەتلىردىنمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ، بۇ رايوننىڭ ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ كەڭ راۋاجلاندۇردى. نەتىجىدە ئۆزگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا بۇخارا مەدەنىيىتىنى ياكى چاغاتاي موڭغۇل مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

بۇ يەردە يەنىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغىنى شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام مەدەنىيىتى ئەڭ دەسلەپ چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن زەربە يەپ ئەجەل گىردابىغا بېرىپ قالغان بولسا چىڭگىزخان ئىمپېرىيەسى ئەۋلادلىرىنىڭ نەچچە ئەۋلاد تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈردىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان موڭغۇل خان ـ پادىشاھ، سۇلتانلىرى ئىسلام شەرق مەدەنىيىتىنى قايتىدىن گۈللەندۈردى، بەلكى ئەرەب، پارس، تۈركىي مەدەنىيەتلىرىنىڭ دۇردانىلىرىنى ئۆزگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى سۈپىتىدە قايتىدىن گۈللەندۈرگەندى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 900 يىللىق ئىجتىمائىي تارىخىدا تارىم دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىنى مەدەنىيەتتە بويسۇندۇرۇپ، ھەتتا ئاسمىلاتسىيە قىلىپ «چاغاتاي ـ موڭغۇل مەدەنىيىتى»نى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ھەممە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى رەڭگارەڭ، خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن جۇلالانغان يېپيېڭى ئىسلام مەدەنىيىتى گۈلىستانىغا ئايلاندۇردى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈر، ئۆۋەيسخان، يۇنۇسخان پادىشاھ، بابۇر، ھومايۇن، ئىمپېراتور ئەكبەر بەلكى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەرقايسى سۇلتانلىرى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىم ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرگەن بۈيۈك ئىلىم ـ ئىرپان ساھىبلىرى ۋە ئىمپېراتور ـ سۇلتانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئەجرى ـ تۆھپىسىز يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى تارىم ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، چاغاتايدىن كېيىنكى تۆمۈرىيلەر ۋە سەئىدىيەلەر دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنى بىز مەيلى ئىجتىمائىي، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر (چاغاتاي خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە پارچىلىنىشى تۆمۈرىيلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى، ئۆزئارا تەپرىقىچىلىكى، بابۇر موغۇلستان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇپ تەرەققىي قىلىشى ۋە يىمىرىلىشى نۇقتىسىدىن بولسۇن) ياكى بۇ دەۋردە تۈركلەشكەن موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇرلاشقان موڭغۇللار بولسۇن ياكى ئۆز دەۋرىدە يارىتىلغان چاغاتاي تىلى (ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى) يېزىقى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ بارغانسېرى تاكامۇللىشىشى جەھەتلەردىن بولسۇن بۇ دەۋرنى بىز چاغاتاي ـ موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى دېمەي تۇرالمايمىز. تارىم ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە چۆكمىسى ئەلۋەتتە بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئانا بۆشۈكى ۋە ئومۇمىي گەۋدىسى، ئەلۋەتتە.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇخارا ـ سەمەرقەنتلىك غوجا ـ ئىشان، پىر ـ ئۇستازلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار پۈتۈن ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى دىنىي سىياسىي داھىيلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىم ۋادىسىدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىدى. ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد بۇ مەرتىۋىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا دىنىي ئىدېئولوگىيە ھاياتىنىڭ شەك ـ شۈبھىسىز يۈكسەك نوپۇزغا ئىگە ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلانغانىدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى سوپىزىم سۇلۇك تەلىماتى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىم ۋادىلىرىنىڭ دىنىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ھۆكۈمران يېتەكچى ئىدىيەسى بولۇپ قالغان. ھەرقانداق خان ـ پادىشاھ، شاھ ـ سۇلتانلارنىڭ ھۆكۈمى ئۇلارنىڭ پەتۋاسىسىز جارى بولالمايتتى. يەنى خان ـ پادىشاھلار سەلتەنەت ئوردىلىرىدا پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان بولسا، ھەر بىر جۈمە نامىزىدا باش ئىمام ئىشان ھەزرەتلىرىگە ئىختىدا قىلاتتى ياكى قول بېرىپ مۇرىت مۇخلىس بولاتتى. شۇڭا تارىم ۋادىسىدىكى ئىشان ـ پىر ئۇستازلار ئاجايىپ يۈكسەك يۈز ـ ئابرۇيغا ۋە مەرتىۋە ـ نوپۇزغا ئىگە ئىدى. چۈنكى، ئەينى دەۋردىكى تارىم بوستانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاھالە مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادار مۇرىتلىرى بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتىكى خان ـ پادىشاھلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى دەھرى ئىسلام دىنى ئىشان ـ سۇپا ئەۋلادى ۋە پىر ـ ئۇستازلارغا تايىنىپ ئۆز ھۆكۈمىنى جارى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇ جۈملىدىن بۇ پىر ـ ئۇستاز، ئىشان ـ سۇپىلارمۇ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى ھۆكۈمران ـ تاجدارلارنىڭ سەلتەنەتىگە تايىنىپ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋە ـ نوپۇزىنى ساقلاپ ئۇنى مۇستەھكەملەپ كېلەت-

تى. بۇ ئىشان - سۇپىلار كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ سى-
ياسي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، خانلىق
سەلتەنەتكە ئۆز تەسىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر كۆرسىتىش
ھەمدە بۇ زېمىندا ئۆزلىرىنىڭ مۇتلەق دىنىي ھۆكۈمرانلىقى-
نى ئورنىتىش ئۈچۈن، ئۆزىدىن باشقا مەزھەپ - سۇلۇك،
نەسەپ - جەمەتلەرنى جىنىنىڭ بارىچە چەتكە قاقاتتى ياكى
بولمىسا خانلىق سەلتەنەتى ئىچىدە ئىچكى نىزا پەيدا قىلىپ
تاجدارلارنىڭ قىلىچى بىلەن قارشى مەزھەپتىكىلىرىنى يو-
قاتماقچى بولۇشاتتى. نەتىجىدە بۈگۈنى بۇ نەسەپ -
جەمەت ھۆكۈمران ئورنىنى ئىگىلىگەن بولسا، ئەتىسى يەنە
بىر پادىشاھ تەرىپىدىن قوغلىنىپ باشقا يۇرتلارغا بېرىپ پا-
ناھلىنىشقا توغرا كېلەتتى. ئەينى دەۋردىكى سەمەرقەنت،
بۇخارا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي شە-
ھەرلىرى بولغاچقا بۇ يەردىكى مەزھەپ - سۇلۇك كۈرىشى
ئىنتايىن كەسكىن ۋە دەھشەتلىك بولۇپ، تاجى - تەخت
ەۋالرى، نەسەب - جەمەت كۈرۈشى دىنىي ماجىرالار تۆ-
ەيلى بەزى چوڭ - چوڭ سوپى - ئىشان جەمەتلىرى
ماۋەرائۇننەھر ۋە ماڭلاي سۆيەر تەۋەلىكىگە ياكى تارىم بوستانلىقىغا كېلىپ
يېڭى دىنىي ئىمتىياز ھوقۇق مەرتىۋىگە ئېرىشىش كويىدا
ئات - ئېشەكلىرىگە قامچا ئۇراتتى. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى
بىلەن قوشۇپ مەزھەپچىلىك جېدىلىنىڭ ئاچچىق ئۇرۇقلى-
رىنىمۇ تارىم ۋادىسىغا بىللە ئېلىپ كېلىپ بۇ بىغۇبار زېمىن-
دا ئۇنى بىخلاندۇرۇشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭدەك ئاق -
تاغلىق، قارا تاغلىق جەڭگە - جېدىلىنىڭ ئاپەت يىلتىزىنى
كۆمۈپ قويغانىدى.

### 3. چاغاتاي ۋە تۇغلۇق تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ئىسلامىزم ئىدېئولوگىيەسى ئاستىدىكى مەدەنىيەت ئۆز-گىرىشى.

چىڭگىزخان ئۆز ھاياتىدا ئۈچ قىتئەنى زىلزىلىگە
سېلىپ، دۇنيا تارىخىدا ئەڭ بۈيۈك ئىمپېرىيە تىكلىدى
ھەمدە جاھان ئەركىسى شانۇ - شەۋكىتى بىلەن ئەرشكە
يول ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى يەر شارىنىڭ
كۆنچىقىش ۋە كۆنپېتىش تەرەپلىرىدە چىڭگىزخان قىلىچى-
نى داۋاملىق ئوينىتىپ نەچچە ئەۋلاد دەۋر سۈرۈپ
كەلدى. دېمەك، چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماڭلاي سۆيەر زېمىنىدا دەۋر سۈرگەن
تارىخى 13 - ئەسىردىن 17 - ئەسىرگىچە يەنى 1680 - يە-
لىغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، گەرچە بۇ ئارىلىقتا ئوسمان
تۈرك ئىمپېرىيەسى ئانا تولى ئېگىزلىكى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز-
نىڭ ئەتراپى جۇملىدىن، ھازىرقى مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا
رايونلىرىدا سەلتەنەت سۈرگەن ھەمدە مۇكەممەل ئىسلام
تۈرك ئىمپېرىيەسى قۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەسىر
دائىرىسى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا ــ بالقاش كۆلى ۋە ماۋ-
رەئۇننەھر ۋە ماڭلاي سۆيەر زېمىنىغا يېتىپ كېلەلمىگەن.
18 - ئەسىردىكى بۈيۈك ئەنگلىيە بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى،
19 - ئەسىردىكى فىرانسىيە ناپالېيون ئىمپېرىيەسى ۋە كېيىن-
كى مەزگىللەردىكى چارروسىيەلەرمۇ پەقەتلا ياۋروپا تۈز-
لەڭلىكى، ھىندىستان - ئاسىيا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇقى، ئاۋسترا-
لىيە، شىمالىي ئافرىقا ۋە شىمالىي ئامېرىكا رايونلىرىنىڭ
قىسمەن جايلىرىدا ئىمپېرىيە بايرىقىنى لەپىلدەتەلىگەن. ئوت-
تۇرا ئاسىيا رايونىغا بولسا ئېكسپېدىتسىيەچىلەر، دىن تارقات-
قۇچىلار ۋە بىر قىسىم جېنىدىن تويغان مۇستەملىكىچى ئۇ-
رۇشخۇمار مىلتارىستلار باشچىلىقىدىكى ئىشغالىيەتچى
قوشۇن كەلگەندىن باشقا، ئىدېئولوگىيە ۋە دىنىي ئىشلاردا
چوڭقۇرلاپ سىڭىپ كىرەلمىگەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيا بولۇپمۇ ماڭلاي سۆيەر ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي را-
يونلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى، 1347 - يىلى چىڭ-
گىزخاننىڭ 7 - ئەۋلادى 18 ياشلىق تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ
تەختكە چىقىشى بىلەن يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى.
تۇغلۇق تۆمۈر موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاقساق-
لى بولاجىنىڭ ھىمايىسى بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ
خانى بولۇپ ئالمىلىقنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدۇ.

ئىسلام تارىخىي مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە:
تۇغلۇق تۆمۈر تېخى ۋەلى ئەھدى مەزگىللىرىدە ئاقسۇدا،
ئوتتۇرا ئاسىيالىق سوپىزم پىر - ئۇستازلىرىدىن بولغان شەيخ
جالالىددىن بىلەن ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا [5]
ئاتا - بالا ئىككىسىنى ئۇچرىتىپ ئۇلارنىڭ تەلىمى بىلەن
ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ماقۇل بولغان ھەمدە ئۆزى پادى-
شاھ بولغاندا، رەسمىي ئىسلام دىنىغا كىرىدىغانلىقى توغرى-
سىدا ۋەدە بەرگەن. تۇغلۇق تۆمۈر خانلىق تەختكە ئول-
تۇرغاندا شەيخ جالالىددىن ئاللىقاچان ۋاپات بولغانىدى.
تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خان بولغانلىقىنى ئاڭلىغان مەۋلانە ئەر-
شىدىن دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئالمىلىققا كېلىپ
1353 - يىلى رەسمىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تۇغلۇق تۆمۈر

نى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. تۇغلۇق تۆمۈر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد دەپ ئات قويۇپ، مۇسۇلمانچىلىق ھاياتىنى باشلىغان، بەلكى ئۇ غەربىي يۇرتتا تۇنجى مۇسۇلمان بولغان موڭغۇل خانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى — بىر تەرەپتىن دوغلات قەبىلىسى جەمەتىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى ۋاقىتتىكى خانلىق تېررىتورىيەسىدە، ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئىسلام دىنىمۇ بۇ رايوندىكى ئەڭ چوڭ دىن بولۇپ ھېسابلىناتتى، بەلكى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ زورىيىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپمۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى موڭغۇللار ئىچىدە خېلى بۇرۇنلا تارقالغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان موڭغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى. دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تۇلەك، تۇغلۇق تۆمۈردىن ئۈچ يىل بۇرۇن، قەشقەردە مەخپىي ئىسلامغا كىرگەن. تۇغلۇق تۆمۈر ۋە مەۋلانە ئەرشىدىن موڭغۇل ۋاڭ، گۇڭلىرىنى ئىسلامغا كىرىشكە زورلىغاندا، ئۇلار ئاندىن بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغان. تۇغلۇق تۆمۈرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەرەققىيات يۆنىلىشىنىڭ زورلۇقى ۋە كۈچلۈكلۈكى ھەمدە ئۇنى توسۇۋېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، كەسكىن ھالدا بۇ خىل ئىجتىمائىي تەرەققىيات يۆنىلىشىگە بويسۇنۇپ ئۇنىڭغا ماسلاشقان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئامىلنىمۇ نەزەرگە ئالغان، بىرىنچىسى، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغاندەك ئىسلام دىنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ دىن بولۇپ، ئېتىقادچىلىرى ئەڭ كۆپ، تەرەققىيات يۆنىلىشى كەڭ ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئىسلام دىنى ئىنتايىن كۈچلۈك ئۇيۇشقاقلىققا ئىگە بولۇپ، ئەينى دەۋردە زور بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلىنالايتتى؛ ئۈچىنچىدىن، ئىسلام دىنىدىكى غازات ئېچىش شوئارى كۈچلۈك دىنىي قوزغىتىش روھىغا ئىگە بولۇپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تۆت ئەتراپقا كېڭەيىپ، ئىچكى قارشىلىقلارنى بېسىقتۇرغىلى بولاتتى.

دېمەك، يۇقىرىقى ئامىللار تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىسلام دىنىغا ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىن چوقۇنىدىغان ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرىدىغان سەلتەنەت ئىگىسىگە ئايلاندۇرغانىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان، مەۋلانە ئەرشىدىن بىلەن بىرلىكتە، ئىسلام دىنىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىپ ئالدى بىلەن موڭغۇل ۋاڭ، گۇڭ، ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا مەجبۇرىي يولغا قويدى. ئۇنىڭدا «ئىسلامنى رەت قىلىپ مەبۇدلىرىگە چوقۇنغۇچىلارنىڭ جېنى تېنىدىن جۇدا قىلىنىدۇ.» [6] دېگەن سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، 2 - قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. ئۇلار ھەرقايسى جايلارغا دىن تارقاتقۇچىلارنى ئەۋەتىپ، موڭغۇللار ئارىسىدا ئىسلام ئاچىدۇ. نەتىجىدە 1353 -، 1354 - يىللىرى ئالمىلىق رايونىدا 160 مىڭدىن ئارتۇق موڭغۇل ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈر (مۇسۇلمانچە ئىسمى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد) ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىپ ئۇنى كېڭەيتكەن مەزگىللەردىكى زور ئۇتۇقلىرىنىڭ بىرى بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئۇچراشقان جاي كۇچا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئىسلام دىنىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بولدى. مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا، كۇچادا ئىسلام ئېچىش ئىشلىرىغا شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن بىر تۈركۈم ئىسلامىيەتتە بىلىمى چوڭقۇر، داموللا ئۆلىما ئۇستازلارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، «كۇچا ئىسلام دىنى ئۆمىكى» (库车伊斯兰教社团) تەشكىللەپ، كەڭ كۆلەمدە مەسچىت، خانىقا، مەدرىس سېلىپ، قۇرئان كەرىم ۋە باشقا كلاسسىك دىنىي ئەسەرلەرنى تارقىتىپ ئۇنىڭدىن تەلىم بېرىپ، «ئىسلام مەھكىمە شەرئىيلەر»نى قۇرۇپ، خانلىق - سەلتەنەت نامىدىن كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق ۋە تەرغىبات ئېلىپ باردى. شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەرگە قاتتىق قوللۇق قىلغان بولسا، ئىسلامغا كىرگەنلەرنى ھەر خىل ئىمتىياز بىلەن تەمىن ئەتتى.

1359 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلغان چاغدا، ئالمىلىق، كۇچا، شايارلاردىكى نەستۇرىيلار بىلەن بۇددىستلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ تۇغلۇق تۆمۈر ۋە «كۇچا ئىسلام دىنى

www.uyghurkitap.com

ئۆمكى» تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ، كۇچا، شايارلاردىكى بۇددا دىنى بۇتخانىلىرى ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىزنالىرى يوق قىلىۋېتىلدى. 1363 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر كېسەل سەۋەبىدىن ئالمىلىقتا ئالەمدىن ئۆتتى.[7] ئۇنىڭ ئوغلى ئىلياس خوجا تەخت ۋارىسى بولغان بولسىمۇ بىر بۆلۈك موگغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ لەشكەر تارتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرەئۇننەھردىكى ئەمىر تېمۇر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چاغاتاي كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، سەمەرقەنتتە ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلىپ، مەشھۇر تېمۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۇلىنى سالدى.

ماگلاي سۆيەر زېمىندا بولسا، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان بولاجىنىڭ ئىنىسى جامالىددىن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئىلياس خوجىنى ئۆلتۈرۈپ ئالىي ھوقۇقنى ئىگىلىدى. ئەمما بۇنىڭغا باشقا موگغۇل ئاقسۆڭەكلىرى نارازى بولۇپ ئېتىراپ قىلمىدى. جەمئىيەت يەنە بىر مەھەل قالايمىقانچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ماگلاي سۆيەر زېمىنىغا خېلى بۇرۇنلا كۆزى چۈشكەن ئەمىر تېمۇر جامالىددىنغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇنى نەلەرگىدۇر قوغلىۋەتتى. 1388 ـ يىلى خۇدايدات، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كەنجى ئوغلى خىزىر خوجىنى تەختكە چىقىرىپ خان قىلىپ تىكلىگەندىن كېيىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىر مەزگىل مۇقىملىق دەۋرىگە قەدەم قويدى.

خىزىر خوجا چاغاتاي تۇغلۇق تۆمۈر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تىزگىنىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆز ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، داۋاملىق تۈردە ئىسلام ئېچىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇددىزمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەركىزى بولغان تۇرپانغا يۈرۈش قىلدى. ھەمدە بىر قانچە قېتىملىق قارشىلىقلارنى بېسىقتۇرۇپ 1392 ـ يىلى تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ ئۇنىڭغا قوشۇپ قارا غوجىنىمۇ ئىگىلەپ بۇ قەدىمى بۇددا زېمىنىنى ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيەسى تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى. 1399 ـ يىلى خىزىر خوجا قومۇلغا يۈرۈش قىلىپ بىر ئايدىن ئارتۇق جەڭ نەتىجىسىدە مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىدە ئۆزى بىلەن قوشۇلۇپ مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا جەمەتىدىن بولغان ئەبۇ نەسىردىن خوجا بىلەن تەڭ شېھىت بولدى. خىزىر خوجىنىڭ ئورنىغا چىققان چاغاتاي ئەۋلادى مۇھەممەدخان ئىسلام دىنىنىڭ تارقاتقۇچىسى ئىدى. ئۇ بارلىق موگغۇللارنى مەجبۇرىي ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ ئىتائەتتىن چىققانلارغا دەھشەتلىك جازالارنى قوللىنىپ، تىل ـ يېزىق، توي ـ نىكاھ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا قائىدە ـ قانۇنلاردا ئىسلام شەرىئەت قانۇنىنى قاتتىق يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ماگلاي سۆيەر ۋە ماۋرەئۇننەھردىكى موگغۇللارنى ئىسلاملاشتۇردى. دېمەك، مەدەنىيەتتە بۇ بىپايان كەڭ زېمىن موگغۇللىشىپ چاغاتاي ـ موغۇل مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى بۇددا دىنى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەھنىسى بولغان قومۇلدىن چېكىنىپ چىقتى. بەش ئەسىرلىك ئۇزاق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ئىسلام دىنى ئاخىر ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىكى ئاساسلىق چوڭ دىنغا ئايلىنىپ، بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

**پايدىلانمىلار:**

[1] مادا جىڭ: «شىنجاڭ تارىخى ئۆرنەكلىرى»، 47 ـ ۋە 354 ـ بەتلەر.
[2] M. F لىگنا: «ساتۇق بۇغراخان ھەققىدە رىۋايەت ۋە ئۇنىڭ تارىخى»، «ئاسىيا ژۇرنىلى» 1990 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ سان پارىژ ئەيرىنەستى، لىلو نەشرى.
[3] «ئىسلام ئېنسكلوپېدىيەسى» (ئىنگلىزچە) 4 ـ توم، «قارا قىتان» ماددىسى.
[4] [5] [6] [7] «جاھان ئىستېلاچىسىنىڭ تارىخى» 298 ـ بەت.

---

ئاپتور باھارگۈل ئىمىن شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.
ئاپتور ئابلىمىت مۇھەممەد (ماگلاي)، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى.

ماقالىنى تەھرىرلەپ، بېكىتكۈچى: ئابلەت نۇردۇن (ئالىي مۇھەررىر)




### قەلب چېقىنلىرى

▲ ھەق سۆزلەشكە يوقالغان جۈرئەت، جاھالەتكە يارىتار پۇرسەت…

**— ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەرىپەت)**

(ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنتى 143 - قورۇدا)

### تەنھالىق تىنىقلىرى

▲ مۇكەممەللىشىشكە قەدەم قويغان ھەر بىر ئىنسان بارغانسېرى ئېغىر سىناقلارغا دۇچار بولىدۇ.

▲ قەدەمنى كۆپ كۆتۈرمە قەدىرسىز بولۇپ قالىسەن، قەسەمنى كۆپ قىلما ئىشەنچسىز بولۇپ قالىسەن.

**— تۇنىساگۈل تۇرغۇن (سەربى)**

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك قوغان يېزا 8 - كەنت 1 - گۇرۇپپا 88 - نومۇر

### پىنھان نەپەسلەر

▲ تاڭ ئاتمايدىغان كېچە بولمىغىنىدەك، مەڭگۈ ئاشكارىلانمايدىغان سىرمۇ يوق.

▲ ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئېرىشكىنىدە ئەمەس، بەلكى تەقدىم قىلغانلىقىدا.

▲ سەن رەقىبىڭنىڭ ئاچچىقلانغان ھالىتىگە ئەمەس، بەلكى ھىجايغان ھالىتىگە بەكرەك پەخەس بول.

▲ يول قانچىكى داغدام بولسا، يولۇچى شۇنچىكى بىخۇتلىشىدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

— روزىمەمەت نىزام

ئاپتور: خوتەن ناھىيەلىك يېڭىئېرىق يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە

## تەپەككۇر تېز سىزمىلىرى

▲ ئىززىتىڭنى جان بىلەن قوغدا، ئارزۇيىڭنى ئىرادە بىلەن.

▲ مەككار بىلەن ئاچكۆز بىرلەشسە، تۈتۈپمۇ يەيدۇ، ئۆگىتىپمۇ يەيدۇ.

▲ ھەسەت خىيانەت يولىغا، شەخسىيەتچىلىك جىنايەت يولىغا باشلىشى مۇمكىن.

▲ ئاقىل مىللەتلەردە كارخانىچى، غاپىل مىللەتلەردە بىكارچى كۆپ.

— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە «بابۇر» كومپيۇتېرخانىسىدىن

▲ غاپىل كاللىسىنى ئۆزى كۆتۈرگەن بىلەن، ئۇنى باشقىلار باشقۇرىدۇ.

▲ ئادىللىق شوئارغا ئايلانغاندا، ساختىلىق بازار تاپقان بولىدۇ.

▲ ئاچكۆزلەرنىڭ «سېخى»لىششى چوڭ مەنپەئەتكە كۆز قىزارتقىنى.

▲ بەزىلەر ئاچكۆزلۈكى بىلەن ۋاقىتلىق نەپكە ئېرىشىدۇ، بەزىلەر ئادىمىلىكى بىلەن ۋاقىتلىق زىيان تارتىدۇ.

## تەپەككۇر تەرمەچىلىرى

▲ ھەممىلا نەرسىگە سىلىشتۇرۇش نەزەرى بىلەن قارايدىغانلار دەل ئۆزلۈكىنى چىقىپ كېتىۋاتقانلاردۇر.

▲ ئىنسان ئازابلانغاندا بىر بولسا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ، بىر بولسا ئۆزىنى تېپىۋالىدۇ.

▲ مونچىسى بىلەن كىتابخانىسى بولمىغان ئۆيدىن بەرىكەتنىڭ يۈزىنى، تەپەككۇرنىڭ كۆزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

▲ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئاجىز بولۇشى ناتايىن، شۇنداقلا ئاجىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆز يېشى قىلىشىمۇ ناتايىن، ئەمما شۇنداق بۈيۈك كىشىلەر باركى، ئۇلار كۆز يېشى قىلمىسىمۇ يۈرىكى ھەر ۋاقىت يىغلايدۇ.

▲ ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى بەدەننىڭ بەرىكەت ئۇنۇمنى قورساقتىن ئورۇن ئالدۇرۇش بىلەنلا ئەمەس، ئەقلىنىڭ ھەرىكەت ئۇنۇمنى قەلبتىن ئورۇن ئالدۇرۇشتا ئۆلچىنىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىز بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ھېس قىلالىغان ئىنسان ئەڭ ھەقىقىي كۈچلۈك ئىنساندۇر.

— ھەسەنجان تۇرسۇن

ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيەلىك قوش تىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## ھېكمەت ئۈنچىلىرى

▲ تاجاۋۇز قىلىش — ئىنسانلار شەخسىيەتچىلىكىنىڭ ئەڭ تولۇق ئاشكارىلىنىشىدۇر.

▲ قىغ سېلىنغان ئېتىزدىن ئالتۇندەك باشاقلار ئۈنۈپ چىقىدۇ ـ يۇ، نېمە ئۈچۈن تائام سېلىنغان ئېغىزدىن قىغدەك سۆزلەر ئۈسۈپ چىقىدۇ؟!

▲ ئايالالار چىرايىغا، ئەرلەر پۇلىغا ئىشىنىپ «سودىگەر»گە ئايلىنىپ قالمىسۇن.

— ئەيسىراجىم مۇختار

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى 2011 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## قەلب بوستانلىرى

▲ تېنى ساغلام بولمىغان پۇلداردىن تېنى ساغلام تىلەمچى ياخشى.

▲ خەلققە نەپ بەرمىگەنلىكىدىن نادامەت چەككەندەك «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇمىغان كىشى ئاخىرى كۆپ ھەسرەت چېكىدۇ.

▲ زىيالىيلاردىكى ئىچى تارلىق، ئىناقسىزلىق ئاقىۋەتتە ئۆز ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش بىلەن بىللە ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئاۋامنىمۇ خۇنۇكلەشتۈرىدۇ.

▲ قىرىق يىللىق خىزمەت ھاياتىمدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدەك بىلىمنى باشقىلاردىن ئايىمايدىغان، باشقىلارنى ئۆزىدىن چوڭ بىلىدىغان ئېسىل خىسلەتكە ئىگە دوستۇمنى، خىزمەتدىشىمنى تاپالمىدىم.

▲ دۇنيادا ھېچقانداق ئەپسانىيەتچى ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگەن ئەمەس، ئۆز ئەپسىنى قاندۇرۇش يولىدا مەنزىلگە يەتمەيلا ھالاك بولغان.

— ئىمىن ھاشىم

ئاپتور: تېكەس ناھىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى.

# «بايرام» تۈكمىچىلىكى ۋە ئۆرىشىم پىسخىكىسى

ئۆمەر ئوسمان شىپائىي تېكىن



## ئەنئەنىۋى بايرام - خاتىرە كۈنلىرىمىز

ھېيت - بايرام ئۆز خاسلىقىغا ۋە مۇئەييەن مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان بىر خىل ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئالاھىدە پائالىيەت. ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا روياپقا چىققان ۋە پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن فولكلور بايلىقىدۇر.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە لايىق ھېيت - بايراملىرى بولغان. قۇللۇق ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتلەرنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ھېيت - بايراملىرى بار ئىدى. فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچىدىن ئىلگىرىلا چاغان، نورۇز بايرىمىغا ئوخشاش بەزى بايراملار خېلى مۇكەممەللىشىش، كۆلەملىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن. دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشالمىغانلىرى ئەمەلدىن قالغان. ئاخىرقى ھېسابتا ئاۋام خەلق ياقتۇرغان، مەنىۋى مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىرى ئەنئەنە سالاھىيىتى بىلەن جەمئىيەت سەھنىسىگە چىقىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلار ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ماڭماقتا.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ھېيت - بايرام مەدەنىيىتىمىز تولۇقلىنىش، جانلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

ھېيت - بايراملارنىڭ ئېتنولوگىيەسى، خاراكتېرى، مەزمۇنى ۋە شەكلى جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

سىياسىي تۈسكە ئىگە بايراملار:

دۆلەت بايرىمى، پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ قۇرۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش بايرىمى، ئارمىيە بايرىمى، ... دېگەندەك؛

خەلقئارالىق بايرام ۋە خاتىرە كۈنلەر:

يېڭى يىل بايرىمى، «1 - ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمى، «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى، نورۇز بايرىمى، ... دېگەندەك؛

مىللىي ۋە دىنىي ئۆرپ - ئادەتلەر بىرلىشىپ كەتكەن ھېيت - بايراملار:

چاغان (باھار) بايرىمى، چوكانتال بايرىمى، روزى ھېيت، قۇربان ھېيت، تاڭزۇڭزا چاغىنى، تاۋۇز چاغىنى... دېگەندەك؛

ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

غەربتىن سىڭىپ كىرگەن بايراملار:

مىلاد بايرىمى، ئانىلار بايرىمى، ئاتىلار بايرىمى، ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى، گوللاش بايرىمى، ياشانغانلار بايرىمى... دېگەنگە ئوخشاش.

ھېيت - بايراملارنىڭ ئېتنولوگىيەسى ۋە خاراكتېرى:

دۇنيادا سەۋەبسىز نەتىجە بولمىغىنىدەك ھېيت - بايراملارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىمۇ بەلگىلىك سەۋەب، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ مۇئەييەن ئېتىقادتۇر.

قەدىمدىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا قاراش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگە ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسىرىدىن شەكىللەنگەن مۇئەييەن ئېتىقادتىن ئىبارەت ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان. قايسى بىر مىللەتنىڭ، قايسى خىلدىكى ھېيت - بايراملىرى بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا شۇ مىللەت ئەقىدە باغلىغان دىنىنىڭ ياكى بىرەر دۆلەت، پارتىيە - گۇرۇھنىڭ سىياسىي خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇئەييەن بىر ئېتىقادنىڭ يېتەكچىلىكىدە روياپقا چىققىدۇ.

سىياسىي بايراملارنى ئالساق، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ھۆكۈمەت ياكى پارتىيە - گۇرۇھنىڭ تۈنجى قېتىم غالىبىيەت بايرىقىنى كۆكتە لەپىلدەتكەن كۈننى مۇقەددەس بىلىش ئېتىقادىنىڭ تەنتەنە قىلىنىشىدۇر. بۇ خىل سىياسىي بايراملارنى ئۆتكۈزۈش — پۇقرالارنىڭ غوجايىنلىق ئېڭىنى ئۇرغۇتۇش، بۇنىڭدىن كېيىنكى گۈللەپ ياشنىشىغا بولغان ئىشەنچ ۋە پەخىرلىنىش ئېتىقادىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان. بۇنداق سىياسىي بايراملار نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولۇپ، ھاكىمىيەت غۇلىسا، پارتىيە - گۇرۇھلار تەختتىن چۈشسە مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. جۇڭخۇا مىنگونىڭ دۆلەت بايرىمى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ «ئاپرېل بايرىمى» ۋە سوۋېت ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى دۆلەت بايرىمى قاتارلىقلارنىڭ زامان ئۆزگىرىشى سەۋەبى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولغانلىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەمدى مەلۇم دىنىي ئېتىقاد بىلەن مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ بىرىكىشىدىن كېلىپ چىققان ھېيت - بايراملارغا كەلسەك، ئەھۋال باشقىچىرەك بولۇپ، بۇ خىل ھېيت - بايراملار ئەڭ دەسلەپتە بىرەر دىنىي ئېتىقادنىڭ تۈرتكىسىدە روياپقا چىققان بولىدۇ. ئاندىن مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ھېيت - بايرامنىڭ مەزمۇن شەكلىدە كېڭىيىش، تولۇقلىنىش، تۇراقلىشىش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرۈشى ئارقىسىدا ئەسىر - ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دىنىي تۈسى پەيدىنپەي سۇسلىشىپ، نوقۇل دىنىي بايرام دېگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى مىللىي ئۆرپ - ئادەت ئۇسلۇبىنى ئىگىلىگەن ئەنئەنىۋى بايرام بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇ مىللىتىنىڭ چاغان بايرىمى، تاۋۇز چاغىنى، تاڭزۇڭزا بايرىمى، چوكانتال بايرىمى قاتارلىقلار، خىرىستىيانلارنىڭ مىلاد بايرىمى، ئۇيغۇر قاتارلىقلارنىڭ نورۇز بايرىمى، روزى ھېيت، قۇربان ھېيت بايراملىرى مەلۇم دىنىي ئېتىقاد بىلەن مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ بىرىكىشىدىن كېلىپ چىققان ئەنئەنىۋى بايراملار جۈملىسىدىندۇر.

بۇنداق مىللىي ئۆرپ - ئادەت بايراملىرىدا تارىختىن بۇيان شەكىللىنىپ مىللەتنىڭ قان - تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتكەن مىللىي روھ قايتىدىن ئۇرغۇپ تاشىدۇ. ھەممە كىشى شاد - خۇراملىق، ئىتتىپاقلىق، دوستانىلىق، مەرد - مەردانىلىق، سېخىيلىق مېلودىيەسىنى ياڭرىتىپ ئەجدادلارنى ياد ئېتىدۇ، ئەۋلادلارغا كۆيۈنىدۇ.

دېمەك، بۇ خىل ھېيت - بايراملاردا ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ۋە جەمئىيەتتىكى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ، زىيانلىق سۆز - ھەرىكەتلەر ئاۋامنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ھېيت - بايراملارنىڭ ئۆمرى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۆمرىدىنمۇ ئۇزاق بولۇپ مەڭگۈلۈك ھېيت - بايراملار كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. بۇنداق ھېيت - بايراملارنى قانداقتۇر بىرەر گۇرۇھ، بىرەر مەمۇرىي بۇيرۇق ياكى قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىلەر ئارقىلىق چەكلىگەن ھالەتتىمۇ، خەلق ئاممىسى ئۆز ھېيت - بايراملىرىنى قەلبىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. بۇنداق چەكلەش تارىخ ئېقىمىدا ۋاقىتلىق ھادىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئاۋام خەلق زامان - ماكان تەقەززاسى بىلەن ھامان بىر كۈنى قەدىناس ھېيت - بايراملىرى بىلەن تەنتەنە ساداسى ئىچىدە يەنە دىدارلىشىدۇ. XX - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا شىڭ شىسەي نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشنى چەكلىۋەتكەنىدى. ئامالسىز قالغان خەلقىمىز

تەۋەللۇت بولغان قىز - ئوغۇللىرىغا «نورۇزگۈل»، «نورۇز ئاخۇن»، «نورۇزجان»، «نورۇزنىسا»، «نورۇزتاي»، «نورۇزئاي»... دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇپ، بالىلىرىنىڭ تەۋەررۇك ئىسمىنى پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن چاقىرىش ئارقىلىق نورۇز تەنتەنىسى قىلغان، يۈرەك يارىسىغا شىپالىق ئاتا قىلغان. تارىخ چاقى ئايلىنىپ يېرىم ئەسىر ئۆتكەن 90 - يىللاردىلا پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئېسىل ئەنئەنىۋى بايرام «نورۇز شادلىقى» بىلەن قايتا ئۇچراشتۇق. نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلەش خىزمىتىگە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئالاھىدە ۋاقىت، يېتەرلىك مەبلەغ، زۆرۈرى ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ بەردى. بۇ ساھەدىكى ئالىم - مۇتەخەسسىس، سەنئەتكار، ئەدىبلەر جۇشقۇن كەيپىياتتا ئوتتۇرىغا چىقىپ تۆھپە كۆرسەتتى. نەتىجىدە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق تۇنجۇقۇش ئىچىدە ياتقان نورۇز بايرىمى تەنتەنىلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلدى. نورۇز تەنتەنىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىملىرى سۈرەتكە ئېلىنىپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ھەرقايسى قاناللىرىدا كۆرسىتىلدى.

ئەڭ پەخىرلىنەرلىك بولغىنى شۇكى، «نورۇز»نى ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى 2010 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ب د ت يىغىنىدا قارار چىقىرىپ 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىنى «خەلقئارا نورۇز بايرىمى» ۋە «دۇنيا تىنچلىق، مەدەنىيەت كۈنى» قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىنى جاكارلىغان. 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ب د ت باش كاتىپى بانكىمون تور بېتى سۆھبىتى ئېلان قىلىپ، «نورۇز بايرىمى»لىق تەبرىك سۆزى سۆزلىگەن. ھازىر غەربىي ئاسىيا، مەركىزىي ئاسىيا، بالقان، كاۋكاز قاتارلىق كەڭ رايونلاردىكى 15 دۆلەتنىڭ «دۆلەت بايرىمى» نورۇزدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن، خېلى كۆپلىگەن دۆلەتلەر يىل بېشىنى «نورۇز» قىلىپ بەلگىلىگەن.

نورۇز بايرىمى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بىر قانچە يىلدىن بۇيان تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەندى. 2011 - يىلى پايتەخت بېيجىڭدا تېخىمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈپ جاھاننى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.

دېمەك، بۈگۈنكى تارىخىي شارائىتتا «نورۇز بايرىمى» مىللەت ۋە دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەن خەلقئارالىق رەسمىي بايرامغا ئايلاندى، شۇنداقلا «دۇنيا تىنچلىق، مەدەنىيەت كۈنى» شەرىپىگە نائىل بولدى. بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كاتتا پائالىيەت خەلقىمىزنىڭ ماددىي مەنىۋى ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە غايەت زور ئىلھام بەرمەكتە.

«روزى ھېيت»، «قۇربان ھېيت» بايراملىرىنى ئالساق، بۇ ئىككى ھېيتلارمۇ خەلقىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى 1000 يىلدىن ئارتۇق جەرياندا دۇنيا مۇسۇلمانلىرى قاتارىدا تەبرىكلەپ كېلىۋاتقان خەلقئارالىق بايرامدۇر. روزى ھېيت، قۇربان ھېيتلارنىڭ كېلىپ چىقىشى دىنىي تۈسكە ئىگە بولسىمۇ، دىنىي پائالىيىتى (ھېيت نامىزى ئوقۇش جەريانى) بارى - يوقى يېرىم سائەت ئىچىدىلا ئاخىرلىشىدۇ. نامازدىن كېيىن ناغرا - سۇناي ساداسى ئەۋجىدە «ساما ئۇسسۇلى» ئويناش، «مەشرەپ سورۇنى» تۈزۈشتەك ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭغا بىرىككەن ھېيت - ئايەملىك ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ھېيت ئېيىنىڭ ئاخىرىسىغىچە داۋاملىشىدۇ. ھېيت داستىخىنىمۇ ئاي ئاخىرىغىچە يىغىۋېتىلمەيدۇ. بۇ ماھىيەتتە مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ ئاڭ فورماتسىيەسىدە ئەسلىدە بار بولغان ئائىلە قارىشى، يۇرت، ۋەتەن، مىللەت قارىشىنىڭ ھېيت - بايرام ئادىتىمىزدىكى ئەمەلىي ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

### ھېيت - بايراملار ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش

نورۇز بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيتلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى ئۈچ چوڭ بايرىمى ئىدى. شۇنىڭدەك «ئۈجمە سەيلىسى»، «ئۆرۈك سەيلىسى»، «قوغۇن سەيلىسى»، ھەزرەت سەيلىسى»، «ھەسسۇلتىنىم سەيلىسى»، «ئوردام سەيلىسى»... دېگەندەك سەيلە - ساياھەت خاراكتېرىنى ئالغان پائالىيەتلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ كەلگەندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلقىمىزنىڭ ماددىي مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئۆرپ - ئادىتىمىزدە ئەسلىدە بار بولغان ھېيت - بايراملاردىن سىرت، باشقىلارنىڭ ھەرتۈرلۈك بايرام - خاتىرە كۈنلىرى تۇرمۇشىمىزغا يېڭىدىن سىڭىپ كىردى. نەتىجىدە ھېيت - بايرام، خاتىرە كۈن تۆكمەچىلىكى شەكىللەندى. ھازىر بىزدىكى بۇ خىل بايراملارنىڭ سانى سەل

uyghurkitap.com

كەم 140قا يېقىن بولۇپ ھەر ئېيغا 11دىن (ھەرئۈچ كۈندە بىردىن) ئارتۇق بايرام توغرا كېلىدىغان يەرگە يەتتۇق. بايراملارنىڭ كۆپ بولۇشى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: «ئانىلار بايرىمى»، «ئاتىلار بايرىمى»، «ياشانغانلار بايرىمى» كەلگەندە، ئاتا ـ ئانىسىنى ياد ئېتىش يىل بويى ئۇخلاپ چۈشكە كىرمەيدىغان بىر قىسىم باللار شۇ كۈنى تاپقىنىنى ئېلىپ ئاتا ـ ئانىلىرىنى يوقلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرماقتا. 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېلىدىغان خەلقئارالىق «دۇنيا ئانا تىل كۈنى» بايرىمى ياش ـ قېرى بارلىق كىشىنىڭ ئانا تىلنى پۇختا ئۆگىنىش ئاساسىدىكى قوش تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. چۈنكى، فارابى، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائىي، نىزارى... لار ئۆز ئانا تىلنى مۇكەممەل ئۆگىنىشنىڭ پىشۋالىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى بەزىلىرى ئۈچ ـ تۆت، ھەتتا سەككىز ـ ئوندىن باشقا مىللەت تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىشنىڭ ئۈلگىلىرى بولۇپ «قوش تىل» ياكى كۆپ تىل ئۆگىنىشنىڭ نامايەندىلىرى بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە بايراملارنىڭ سانى شۇنچە كۆپ بولۇشىغا قارىماي، بۇ خىل بايراملارنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى رەڭگارەڭ، مەنىۋى تەسىرچانلىقى جەلپكار، داغدۇغىسى خۇشاللىنارلىق دەرىجىدە بولۇپلا قالماستىن، ھەرقايسىسى تەبىئىي يوسۇندا ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر قىممەتلىك كاتتا يەرمەنكىلىك رولىنى ئويناتماقتا. شۇنداق بولغاچقا مۇتلەق كۆپ ساندىكى بايراملارنىڭ ۋە ھەر خىل سەيلە ـ تاماشا پائالىيەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بىر قىسىم ھېيت ـ بايراملارنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش شەكلى، خاراكتېرىدە غەلىتە «يېڭىلىق»لار روياپقا چىقتى. مەسىلەن: ھېيت پەتىسى قىلىش، تۇغۇلغان كۈن ياكى بىرەر بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە باللارغا ھېيتلىق بېرىش، بايراملىق سوۋغا تەقدىم قىلىشتا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نام ـ ئەمەلى، يۈز ـ خاتىرىسى ئۆلچەم قىلىنىدىغان، مەلۇم مەقسەت ـ مۇددىئا بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا بىرقانچە 100 يۈەنلەپ، ھەتتا مەخسۇس «لىپاپ»لارغا قاچىلانغان 1000، نەچچە مىڭ يۈەنلەپ ھېيتلىق بېرىدىغان؛ ھەتتا نويۇزلۇق خانىش ـ خېنىملارغىمۇ ئاشكارا ھالدا قاشتېشى، ئالتۇن ئۈزۈك، مەداليون... قاتارلىق بايراملىق سوۋغات تەقدىم قىلىدىغان؛ ئاتالمىش «ھېيتلىق»نى قوبۇل قىلىشقا ئائىل بولغان بۇ ئارزۇلۇق خېنىم ـ غوجاملارمۇ «رەھمەت» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئىچكىرىكى ئۆيدىكى مەخسۇس تەييارلانغان «سوۋغات بانكىسى»غا «ئولجا»لىرىنى سېلىش ئۈچۈن ئالدىراش كىرىپ كېتىدىغان؛ بۇ خىل «سېخىيلىق»نى ھېس ـ ھاياجان ئىچىدە كۆزىتىپ ھەجىيىپ تۇرغان «ھۆرمەتلىك» ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئويىنلىۋاتقان بۇ «ئېتۈت»لارنى كۆرمەسكە سالىدىغان غەلىتە ھېيت ـ بايرام «پەتە قىلىش» ھادىسىسى باش كۆتۈرۈپ قالماقتا...

خىزمەتداشلار ھېيتلاشقا ياكى بايرام كۈنلىرىنى شەخسىي تەبرىكلەشكە بارسا ئاتالمىش «ساھىبخان»لىرىمىز ئالدى بىلەن بىرەر پىيالە چاي قۇيۇش ئورنىغا بەزى بېلىق كۆزى قىلىنغان ھاراق رومكىسىنى تەڭلەپ كۆڭۈل ئىزھارى قىلىدىغان؛ ھېيتلىق داستىخاننىڭ تۆرىدە خىلمۇخىل ئالىي سورتلۇق ھاراق بوتۇلكىلىرى غادىيىپ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان؛ ئاخىرقى ھېسابتا چاشكا ۋاقتىغا بارا ـ بارمايلا پەتچى ئەزىمەتلەر مەست ـ ئەلەس، سۆز ـ ھەرىكىتى ئېگىز ـ پەس ئېتىقسىز قىلىقلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدىغان ھالەت ئاۋۇپ قالماقتا.

« 8 ـ مارت ئاياللار بايرىمى»، 10 ـ سېنتەبىر «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى» ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بايراملاردۇر. ئەمما ئاشۇ بايرام كۈنى بەزى ئەر ـ ئاياللار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ بايرىمىنى «تەبرىكلەش» باھانىسى بىلەن «رېستوران قاتناڭچىلىقى» ھاسىل قىلىپ، بايرام شادلىقىنى «رېستوران شادلىقى»غا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازىغا يامان تەسىر يەتكۈزمەكتە.

«ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى» ئەسلىدە ئىتالىيەدە مىلادىيە 270 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خىرىستىيان چېركاۋلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن پوپ داي ۋالېنتاين (day valentine)نى ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئەسلەش يۈزىسىدىن پەيدا قىلغان خاتىرە كۈندۇر. كېيىنكى كۈنلەردە رىملىقلاردىكى مۇھەببەتلەشكەن ئاشىق ـ مەشۇق قىز ـ يىگىتلەر بۇ كۈنى ئۆزئارا پاك مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش كۈنىگە ئايلاندۇرۇۋالغانىكەن. غەربتىكىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتىدە، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئاشكارا مۇھەببەتلىشىدىغان، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشىدىغان ھەرد-

كەتلىرى نورمال ئادەت ھېسابلانسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىدە بالاغەتكە يەتكەن قىزلارنىڭ ئوغۇللار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشى ئەدەپسىزلىك دەپ قارىلىپ قاتتىق چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ. بەزىباش قىزلار ئاۋامنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆمۈرلۈك توي ئىشىغا دەخلى يېتىدۇ. بۇنداق قىزلار ئاساسەن ئەر چىقماي ئولتۇرۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىزدە بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ تالا - تۈزدە خالىغانچە لاغايلاپ يۈرۈشى، ئاتىسى ۋە ئەر تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدا مۇھەببەت مەسىلىسى ئۈستىدە ئېغىز ئېچىشى ھاياسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. قىزلارنىڭ (ئوغۇللارنىڭمۇ) ئىپپىتىنى ساقلاش مۇقەددەس ئىش قاتارىدا ئىنچىل تەكىتلىنىدۇ. ئەپسۇس «ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى» ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا سۇقۇنۇپ كىرگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغىنىغا قارىماي ئەقىدە - ئېتىقادى سۇس، ئەخلاق - پەزىلىتى ناچار، ئائىلە تەربىيەسى ياخشى بولمىغان كىشىلەر ئارىسىدا باشقا مەنىدە بازار تېپىپ قالدى. ئادىمىيلىكىنى يوقاتقان، بىر قىسىم نائەھلىلەر بۇ بايرامنى ئاشنا - ئاداشلىق، بۇزۇقچىلىق مەركىزى ھالىتىدە نومۇسسىزلارچە ئۆتكۈزۈشمەكتە. تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ بەزى «قاتار چاي» مەستانىلىرى «رەڭلىك سورۇن» تۈزۈش «پىراۋىسى» تارقىتىدىغان، «مودا»غا ئايلاندۇرۇشماقتا. رېستورانلاردا، يەر ئاستى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا، ئايرىمخانىلاردا خالىغانچە نايناقلىشىپ ھېچكىمدىنمۇ ھېيىقمايدىغان، قانۇن - تۈزۈم، جامائەت ئەخلاقىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ ئادىمىيلىكنى دەپسەندە قىلىدىغان ئېچىنىشلىق قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانماقتا. نەتىجىدە خېلى كۆپ ئائىلىلەر ۋەيران، ئائىلە ئىللىقلىقىدىن مەھرۇم بولغان كۆپلىگەن سەبىي بالىلار سەرسان، سەرگەردان بولۇشماقتا. ئوقۇشتىن توختاپ قالماقتا، ھەتتا جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر تۈرمىسىنىڭ تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالماقتا. «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پىروگراممىسى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇنداق قىلمىشلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ قېلىشى، جەمئىيەت كەيپىياتىغا يامان سۈپەتلىك ئۆسمە تەرىقىسىدە يوشۇرۇن خەۋپ تەھدىتى بولۇپ قالماقتا. بۇ خىل ئەخلاق كىرىزىسى بارلىق كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشى كېرەك!!!...

«ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى»نى ئۆتكۈزمىسەكمۇ بىزدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇنىۋېرسال بايرام - «نورۇز» بار، «4 - ماي ياشلار بايرىمى» بار. ئاتالمىش «ئاشىق - مەشۇق»لار يىلدا بىر قېتىم «بايرام» قىلىپ «مۇھەببەت» ئىزھار قىلىشسا، بىزنىڭ «پەرھاد - شېرىن»، «غېرىب - سەنەم»، «رابىيە - سەئىدىن»...لەرگە ئوخشاش ھەقىقىي «ئاشىق - مەشۇق»لىرىمىز پاك ئېتىقاد ئىمانى بىلەن يېتىلدۈرگەن ساپ مۇھەببىتىنى ھەر كۈن، ھەر سائەت ئېسىدىن چىقارمايدۇ، قەدىرلەيدۇ. ئۇلار ۋىجدان - غۇرۇرى، مىللىي ئەخلاق ئۆلچىمى ئىچىدە ۋىسال شادلىقىغا ئېرىشىدۇ، خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

يەنە شۇنچە بايراملىرىمىز ئازلىق قىلغاندەك چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەر يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان روژدېستۋا (مىلاد بايرىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بايرىمىنى قوبۇل قىلىۋالدۇق. مىلاد بايرىمى بولسا ئەسلىدە رىملىقلار خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى ھەر يىلى 25 - دېكابىردا «قۇياش ئىلاھى» سانىلىدىغان «بول ئىنفكتوس»نىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيتتى. كېيىن ئىمپېراتور كونستانتىن تارىختا تۇنجى قېتىم 25 - دېكابىرنى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قىلىپ بېكىتكەن ۋە داغدۇغىلىق تەبرىكلەش بايرىمى ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى 25 - دېكابىردا «مىلاد بايرىمى» ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلانغان. بۇ بايراممۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتىگە مۇناسىۋەتسىز بايرامدۇر.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرىمۇ «تۇغۇلغان كۈن بايرىمى» ئۆرپ - ئادىتىمىزدە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن ھۆرمەت ۋە ئىززەتكە مۇشەررەپ بولغان خەلقتۇر. چەت ئەللىكلەر ھەر يىلى 25 - دېكابىرنى يىل بېشى دەپ قاراپ بۇ كۈننى شادلىق بايرىمى، تۇغۇلغان كۈن بايرىمى دەپ تەبرىكلىسە، بىز ئۇيغۇرلار ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىنى يىل بېشى دەپ قاراپ تەنتەنىلىك نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزىمىز. بىز بۇ كۈندە يېڭى بىر ياشنى تەبرىكلەشتىن كۆرە ئۆمرىمىزدىن بىر ياشنىڭ قىسقارغانلىقىغا ئېچىنىپ، ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىز ئىچىدە

ياكى ئۆتكەن بىر يىلدا نېمىلەرنى قىلغانلىقىمىزنى ئەسلەپ ئۆتىمىز. ياخشى ئىشلىرىمىزدىن سۆيۈنىمىز. ئۆتكۈزگەن خاتالىق، سەۋەن - نۇقسانلىرىمىزدىن غەمكىن بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىمىزدە نۇقسانلىرىمىزنىڭ ئورنىنى تولۇقلاشقا بەل باغلايمىز. قىسقىسى، تۇغۇلغان كۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە ھەركىم ئۆز - ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۆمرىدىن بىر يىلى قىسقىراپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ غەيرەتكە كېلىش كۈنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «تۇغۇلغان كۈن» ئۆتكۈزىمىز دەپ چەت ئەللىكلەرگە ئوخشاش مەخسۇس تورت ياستىپ، نوكچا يېقىپ، پۈۋلەپ ئۆچۈرۈپ (ھايات شامىمىزنى ئۆچۈرۈپ ئۆزىمىزگە ئۆلۈم تىلىگەنلىكىمىزنى بىلمىگەن ھالدا) «تونەك» قىلىش بىز ئۈچۈن يات قىلىقتۇر.

ئالىم - مۇتەخەسسىس، داھى، خەلق قەھرىمانلىرى، شائىر - يازغۇچى، تۆھپىكار مويسىپىتلارنىڭ ئالاھىدە ئىختىرا - كەشپىياتلىرىنى، ئىجادىي سەمەرىسى - تۆھپىلىرىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن خاتىرە كۈن ئۆتكۈزۈشكە كەلسەك، بۇ يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزدىن تامامەن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر.

بىز بايرام، خاتىرە كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشتە ئۇنىڭ مەنبەسى، مەزمۇنى، خاراكتېرى ۋە ئەھمىيىتىگە تەمكىنلىك بىلەن قاراپ چىقىشىمىز، پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك.

قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، مەدەنىيەت قانداقتۇر چەكلەنگەن رايون ئەمەس. مەدەنىيەت قوبۇل قىلىشنىڭ بېكىنمە - چېگراسى بولمايدۇ. دۇنيا مەدەنىيىتى پۈتكۈل ئىنسانلار ئورتاق ياراتقان نادىر ئەسەر. باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش تارىخى ئىزچىللىق. «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى ئىجاد قىلغان ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى خاسلىقىنى يادرو قىلغان ئاساستا باشقا مىللەت قوۋملارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ، مىللىي ئەنئەنىسىگە بويسۇندۇرۇپ ئۆزلەشتۈرۈش يولى بىلەن بۈگۈنكى مۇكەممەل مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنى بەرپا قىلغان. ئېنىقكى، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كەم جايلىرىمىزنى تولۇقلىساق بولىدۇ.

ئەمما شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، «بايرام» نامى بولسىلا ياخشى - يامىنىنى، مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىش - كەلمەسلىكىنى نەزەرگە ئالماي، قارىسىغا قوبۇل قىلىش خاتا. سىرتتىن قوبۇل قىلىشتا سەگەك، تەمكىن، ئىلمىي بولۇشىمىز؛ «ناچارلىرىنى تاشلىۋېتىپ ياخشىسىنى»، «شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ مېغىزىنى» ئىجادىي قوبۇل قىلىشىمىز، «قەدىمكىنى بۈگۈنگە، چەتنىڭكىنى جۇڭگوغا خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بايرام - خاتىرە كۈنلەرنىڭ ئاز - ساز بولغىنى ياخشى. مەزمۇن - شەكىل جەھەتلەردىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغان تەكرار ياكى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ ھېچقانداق چانمايدىغان بايراملارنىڭ كۆپ بولۇشى خۇددى پۇل پاخاللىقىدەك «بايرام پاخاللىقى»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ - دە، ۋاقىت، مەبلەغ، ئادەم كۈچى جەھەتتىن زور دەرىجىدە خورىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مۇھىمى تەكرارلىقتىن، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش ئەڭ ئاقىلانىلىقتۇر.

غەربنىڭ بايراملىرىنى قوبۇل قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان يەنە شۇنداق بىر نۇقتا باركى، ئۇلاردىن ئۆگەندۇق دەپ ئەينەن قاملاشتۇرالمىساق، ئەسلىي مەنىسى - ماھىيىتىنى چۈشەنمەستىن بۇرمىلاپ خاتا ئىنكاس پەيدا قىلىپ قالساق، خەلقئارا ئالاقە - مۇناسىۋەت مىزانىغا خىلاپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا زىيانلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر خىل بۇلغانما مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىشىمىز ئىچكى ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن باشقا، غەيرىي كۆرۈنگەننىلا نەرسىنى دوراپ قوبۇل قىلىشقا ئالدىرايدىغان ئەۋرىشىم پسىخىكىمىزنىڭ ئازدۇرۇشىدىن بولغان، بۇنداق ئازغۇنلۇقنى يەنە تەكرارلاش مىللىي مەدەنىيەتنى ساقلاش، راۋاجلاندۇرۇشقا زىيانلىق قىلمىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنكى ھېيت - ئايەم، بايرام - خاتىرە كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنىڭ يۈكسەك ئىجابىيلىققا، چوڭقۇر تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ساغلام پائالىيەتلەردىن بولۇشىغا؛ مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشى ۋە ئىلغار مەدەنىيەت ئېڭى ئاتا قىلىشىغا تىلەكداشمىز!

---

ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بارىن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ پېنسىيونېرى




1

مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قەدىمكى «كىتاب»لىرىمىز ئەڭ دەسلەپتە مەڭگۈ تاشلارغا ئويۇلغانىدى. ئۇنىڭدا يېزىلغان زامان دانىشلىرىنىڭ شاھىتلىقىدىكى تارىخنىڭ شان ـ شەۋكىتى بىلەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى زېمىنغا ئابىدە قىلىپ ئورنىتىلىشىدىكى مۇددىئانى ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ۋە كېلەچەك ئارىسىنى باغلايدىغان رىشتە سۈپىتىدە قىياسلىغىنىمىزدا، كۈنىمىزدىكى مۇكەممەل نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرىنىڭمۇ زور قىممەتكە ئىگە بولغىنىدىن پەخىرلىك ھېسلارغا چۆمىمىز. قەدىمكى زاماندىكى ئاشۇ كىتابچىلىق مۇھىتىنى ئەسلىگىنىمىزدە تاكى 19 ـ ئەسىردىكى تاش مەتبەئە مەيدانغا كەلگەنگە قەدەر بىر كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تارقىلىشى بىز ئۇچۇن روياپقا چىقىشى بەسىي مۇشكۇل تارىخىي مۆجىزە ئىدى. سىياسەتچى دانىشلىرىمىز، ئالىم ئۆلىمالىرىمىز، شائىرلىرىمىز، تارىخچىلىرىمىز، تېۋىپلىرىمىز ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرنى يېزىپ تاماملىشى ئۇچۇن بىر ئۆمۈر قومۇش قەلەم بىلەن «خوتەن قەغىزى»نىڭ سارغۇچ يۈزىگە يۈرەك قېنىنىڭ جاۋاھىراتلىرىنى تۆكەتتى. پاكار شىرەلەردىكى شامدانلارنىڭ يورۇقىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى. بىر كىتابنىڭ پۈتۈشى بىلەنلا يەنە ئىش ھەل بولمايتتى. ئۇنى خەتتاتلىقتا تەربىيە كۆرگەن بىر توپ كاتىپلارغا كۆچۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. قاتلامۇ ـ قاتلام ئېغىر ئىلمىي مېھنەتلەر بەدىلىگە بىر كىتاب دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىلىم سۆيەر خاقانلارغا ھەدىيە قىلىناتتى. ئىلىم پاسىبانلىرىغا سوۋغا قىلىناتتى. دېمەككى، زامان دانىشلىرى ئۆزىنىڭ بىر كىتابى بىلەن مۇھتەرەم بولاتتى. كىتابلارنى كۆچۈرۈشكە قاتناشقان نۇرغۇن نامسىز كاتىپلارنىڭ ھەققە بېغىشلىغان مىننەتسىز ئەمگەكلىرى تارىخىمىزدىكى كىتاب ۋە نەشرىياتچىلىقنىڭ تىنىقىنى يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ قەدىمگە ئۇلاپ بەرگەنىدى.

ئېنىقكى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەركىزىي ئاسىيادىكى جەدىدىزم ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ۋە دىيارىمىزنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بىردەكلىك ئىزدەش ئارزۇسىنىڭ كۈچىيىشى بىزنى ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى كىتاب ۋە نەشرىياتچىلىقنىڭ مېۋىلىرىدىن بەھرىلەندۈرۈپ ئۈلگۈردى. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ قەشقەرگە تاش مەتبەئەنى ئېلىپ كىرىشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن «مەتبەئەيى خۇرشىد» (قۇياش مەتبەئەسى)، 1901 ـ يىلىدىن باشلاپ شۋېت مىسسىيونېرلىرى تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن يۈرۈشلەشكەن باسما ماشىنىسى قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇ دەۋر سىياسىي مۇھىتىدا تولىمۇ ئەنسىز بىر شارائىتتا ياشاۋاتقان ھاجى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىكى «يېڭى ھايات» گېزىتى قاتارلىق نەشر ئەپكارلىرىنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئاسان قولغا كەلمىگەن بىر جەرىيان ئىدى. تارقىلىش

www.uyghurkitap.com

دائىرىسى چەكلىك بولغان، قىسقا ئۆمۈر كۆرگەن بۇ مەتبۇ-
ئاتچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قې-
لىپلىشىشى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا ئەھلىدىن خەۋەردار
بولۇش، ئۆزىنى چۈشىنىش، پەن-مەدەنىيەت، مائارىپ ئۇ-
چۇرلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش جەھەتلەردىمۇ غوللۇق تارى-
خىي خىزمەتلەرنى ئۆتەپ كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى، بۇ مەت-
بۇئاتچىلىق ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ قانات-قۇيرۇقىنى تەڭشەپ
بولغۇچە زامانىنىڭ بۇس-بوغۇناقلىرىدا قان ئىچەر سىياسە-
يونلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى بىلەن زاكىسىدا ئۇجۇقتۇرۇل-
دى.

ئېنىقكى، بىز مىللىي توپ سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغانغا
قەدەر كىتابقا، نەشرىياتچىلىققا، مەتبۇئاتقا قانماي، ئۆزىمىز-
نىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىمىزنى زامان ئەھلىگە ئۇقتۇرۇش
پۇرسىتىگە ئېرىشمەستىن پەرقلىق بىر مەدەنىيەت مۇھىتىغا
قەدەم قويدۇق. بۇ مەزگىلدە گەرچە بىر مەھەل ئىزىغا
چۈشكەن نورمال نەشرىياتچىلىق سىياسىنىڭ تەلەپ ئېھتىيا-
جىغا ماسلاشقان بەزى باسما بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىپ ئۇل-
گۈرگەن بولسىمۇ، قېلىپقا چۈشە-چۈشمەيلا «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز خانىۋەي-
ران بولدى. كىتابچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىقتىن ئېغىز ئېچىش
تۈگۈل، مىڭ يىللاردىن بېرى ئەجدادلىرىمىز ئۆز قوللىرىدا
ئالتۇندەك قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن تەۋەررۈك كىتابلىرى-
مىزنى تەكچىلىرىمىزدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ ئۆز قولىمىز
بىلەن كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورىدۇق. مەسىلەن:
ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمغا ئوخشاش يۇرت كاتتىلىرى-
مۇ «تارىخىي رەشىدى» كەبىي تارىخىي مىراسلىرىمىزنىڭ
كۆيدۈرۈلۈشىگە كۆز ياشلىرىنى تۆككەن، قەلبى ئازاب
دەشتىدە قاتتىق شىكەستلەنگەن ھالدا گۇۋاھ-شاھىت بو-
لۇشقا مەجبۇر بولدى. كىلاسسىك ئەسەرلەر، دىنىي دەستۇر-
لارغا كونىلىقنىڭ، جاھالەتنىڭ، قاباھەتنىڭ، قالاقلىقنىڭ بەل-
گىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىپ كۆزدىن يوقىتىلدى. بىز
خۇددى كونا قەبرىدەك مەنىۋى چاڭقاقلىق چۆللىرىدە يالى-
ڭاچلىنىپ يىگانە قالدۇق. تاكى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىل-
لىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن بىر قەدەر سىستېمىلاشقان نەشر
ئەپكارلىرىغا ئىگە بولدۇق. تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى،
شېئىرىيەت، ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەر-
لەر، تېببىي ئىلىم قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى تۈرلۈك
نەشر بۇيۇملىرى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قىسمەن
قاندۇردى. كۈنىمىزدىكىدەك نەشرىياتچىلىق تەرەققىي
قىلىپ تۈرلۈك ئېلېكترونلۇق كىتابلار لايىھەلىنىپ، ئىنتېر-
نېت تورى مەتبۇئاتچىلىقى شەكىللەنگەن، ئەركىن مەتبۇئات-
چىلىق دۇنيانىڭ ئورتاق ئېقىمىغا ئايلانغان بىر پەيتتىمۇ، نۆ-
ۋەتتىكى ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى دەۋرىمىزدىكى مەدەنىيەت
يېتەكچىسى سۈپىتىدە بىر قىسىم نادىر كىتابلارنى نەشر
قىلىپ يەنىلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

2

يېقىنقى 30 يىللىق نەشرىياتچىلىقنىڭ ھاياتىمىزغا كۆر-
سەتكەن ئىجابىي تەسىرى ھەقىقەتەن زور بولدى. بىراق
بازار ئىگىلىكىنىڭ نەشرىياتچىلىققا كۆرسەتكەن تەسىرى چو-
ڭايغانسېرى ئىقتىسادىي ئاڭ بىلەن نەشرىياتچىلىق ئېڭى
ئوتتۇرىسىدىكى ماس رىتىم بۇزۇلۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ
يېقىنقى بەش-ئالتە يىل ۋاقىت ئىچىدىكى نەشرىياتچىلىقنىڭ
بازارغا يۈزلىنىپ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئىستىكى كۈ-
چىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بارا-بارا ئاۋامنىڭ ئېھتىياجى
بىلەن نەشرىياتچىلىقنىڭ مەدەنىي يېتەكچىلىكى ئارىسىدىكى
بوشلۇق چوڭىيىپ، جەمئىيەتنىڭ كىتاب ئىستىمالى بىلەن نەش-
رىياتنىڭ كىتاب تەمىناتى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق ئۆزى-
نى كۆرسىتىشكە باشلىدى. كىتابخانىلاردا مەلۇم ساندىكى
كىتابلارنىڭ بازىرى چاپ-چاپ بولۇپ، تەكرار-تەكرار
نەشر قىلىنسىمۇ ئېھتىياج قانمىغان ئەھۋال بىلەن، مەلۇم
ساندىكى كىتابلارنىڭ كىتابخانىدىكى ئىشكاپلاردا ئورۇن
ئىگىلەشتىن باشقا رولى بولمايۋاتقان ھالىتى روشەن سېلىش-
تۇرما بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ بىر قىسىم نەشرىيات ھۆپىگەر-
لىرى نۆۋەتتىكى «ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى»دا زادى نېمە
كەمچىل ۋە نېمىلەر ئارتۇقچە دېگەننى ئىجابىي نۇقتىدا
ئويلاپ ئولتۇرماستىن، جان-جەھلى بىلەن بىر ئامالالاپ
كىتاب بولسىلا ئۇنىڭ ئىلمىيلىك دەرىجىسىنى، ئاپتورلۇق
تەۋەلىكىنى، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى، ھەر خىل شەكىلدە
تەكرارلىنىپ قالغان ياكى قالمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەي نەشر
قىلدىغان ئىش كۆپىيىپ كەتتى. ئەڭ يامان بولغىنى نەشرى-
ياتچىلىق يېڭىلىق يارىتىشنى، يېڭى كىتابلارنى كۆپەيتىشنى
نىشان قىلماي كىتاب قۇراشتۇرۇشنى كەسىپ قىلىۋالدى.
ئۇلار ئىلگىرى نەشر قىلىنغان كىتابلارنى ھەر خىل شەكىلدە

ياساپ، ئاپتورلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ياكى ئاتالمىش «پىلانلىغۇچى»، «تۈزگۈچى»، «باش تۈزگۈچى»، «تەكلىپلىك مۇھەررىر»، «باش مۇھەررىر» دېگەن چىرايلىق نامىلارنى يېزىپ قويۇپلا «ئىش ئوڭشايدىغان» بولۇپ كەتتى. بۇ هال نەشرىياتچىلىقىمىزدا «يۇقۇملۇق كېسەل»دەك تارقىۋاتقان كىتاب قۇراقچىلىقىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئېنىقكى، كىتاب قۇراقچىلىقى — زامانىمىزدىكى بىر قىسىم كىتاب ھۆپىگەرلىرىنىڭ «ئۆلچەملىك قولى» بىلەن ئاللىبۇرۇن نەشر قىلىنىپ بولغان كىتابلاردىن بەزى ھېكمەتلىك سۆز-جۈملىلەرنى توپلاپ ئېلىپ باشقا كىتابلارنى قۇراشتۇرۇپ چىقىدىغان نەشر ئىسراپچىلىقىدۇر.

بىز تۆۋەندە كىتاب قۇراقچىلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇھىتىنى، نەشرىياتچىلىقتىكى پاسسىپ تەسىرىنى، كۈنىمىزدىكى مېھنەتكەش ئەدىبلەرنىڭ ئىلىم ھوقۇقىغا قىلغان دەخلى-تەرۇزىنى ۋە مەۋجۇت مەدەنىي ھاياتىمىزدىكى تەكرار-تەكرار سادىر بولۇۋاتقان نەشر ئىسراپچىلىقى قىلغانىنىڭ ئورنىدا ئۆزىمىزگە پايدىلىق قانداق ئىشلارنى رويابقا چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقى ھەققىدە يۈزە كۆز قاراشلىرىمىزنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز.

كىتاب قۇراقچىلىقىنىڭ نۆۋەتتىكى مەۋجۇتلۇق مۇھىتىنى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەش مۇمكىن:

1. كىتاب قۇراقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار نۆۋەتتە ئىككى خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ كىتاب قۇراشتۇرىدۇ. بىرسى، ئۇلار ئۆتمۈشتە نەشر قىلىنىپ بولغان بىر قىسىم كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن ياكى يىللاردىن بېرى ئىزچىل نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «بۇلاق»، «مىراس» قاتارلىق بىر قىسىم ژۇرناللاردا ئاللىبۇرۇن ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر، پۇبلىستىك ئەسەرلەر، ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنى كەم رەتلىگەن، كەم نەشرگە تەييارلىغان دېگەندەك كۆزنى يۇمۇپلا باشقا بىر كىتابقا كۆچۈرۈۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ كىتابقا يېڭىدىن نام ۋە يېڭىدىن مۇقاۋا لايىھەلەيدۇ. كىتابنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا تۈزگۈچى دېگەن «شەرەپلىك» نامنى پۈتكەننىڭ تاشيانىدا، يۇقىرىسىغا «پىلانلىغۇچى» دېگەن مەمۇرىي سۈپەتكە ئىگە بىر ئىسىمنى يېزىۋەتسىلا ئىش تامام بولىدۇ. بۇ يەردە كىتابنىڭ كېلىش مەنبەسى، شەخسىي ئىجادىيەتمۇ ياكى باشقىلارنىڭ تەييارلىغان ئەمگىكىمۇ دېگەنلەرنى ئەسكەرتىشمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ ياكى شۇ ئەمگەكنى تەييار قىلغان دەسلەپكى مېھنەتكەشنىڭ رۇخسىتى ئېلىنغان-ئېلىنمىغانلىقىنىڭ بۇ كىتابنىڭ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىش سۈپىتىدە ھەممە ئۆز ئىشىغا مەپتۇن بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەر نەشر قىلىنغان بۇ كىتابلارنىڭ نامىنى كۆرگەندە «ھە مۇشۇ كىتابنى بىرسى پىلانلاپ، بىرسى تۈزۈپتۇ-دە...» دەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىزدىكى ئىلمىي ئەمگەك ھوقۇقى ھەققىدە سىستېمىلىق چۈشەنچە بولمىغىنى ياكى بولسىمۇ ئىجرا قىلىنمىغانلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن ئىشى بولمىغىنى ئۈچۈن بۇنداق قۇراقچىلارنىڭ كىتاب قۇراشتۇرۇش «ئىجادىيىتى» چەكتىن ئېشىپ ئۆزى نەشر قىلغان كىتابنىڭ باش-ئاخىرىنى ئالماشتۇرۇپلا يېڭى چاپان، يېڭى نام، يېڭى باھا قويۇپ بىر كىتابنى تەكرار نەشر قىلىپلا كىتابخانىنى «ئاۋاتلاشتۇرۇۋېرىدۇ». مەسىلەن: كىتابخانىلاردىكى «ئۇيغۇر تېبابىتى»گە ۋە «كىمنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكمەتلىك سۆز-ئىبارىلەر»گە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمىدا يېڭىلىق يوق. بىرسى-بىرسىدىن كۆچۈرۈلۈپ، رەت تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇپ تەييارلىنىۋەرگەن. بۇنداق باشقىلارنىڭ مېھنىتىنى موزايى ئانىسىنى ئەمگەندەك ئېمىپ، سىرتتىن «كىتاب پىلانلاپ، كىتاب تۈزۈپ» مەشھۇر بولۇۋاتقاندەك سىياقتا كىرىۋېلىپ، ماھىيەتتە تولۇم چاشقاندەك ئۆزىنىڭ «چۆنتىكىنى پىلانلاپ» نەشرىياتچىلىقتا سورۇن چۆرۈپ ياشاش قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشمۇ تەس. يەنە بىر خىلدىكى قۇراقچىلارنىڭ ئىشى ناھايىتى ئاسان. ئۇلار كىتاب تۈزۈشكە شۇنداق ماھىركى، كىتاب ئوقۇسا ياكى كىتابنىڭ ماۋزۇسىغا دىققەت قىلمايدۇ ياكى بۇ كىتاب كىمنىڭ تەرجىمىسى بىلەن رويابقا چىققانلىقىنى ئەسكەرتىشنى ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىشنى ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش دەپ ئويلامدۇ، ئەيتاۋۇر تىلغا ئېلىپمۇ سالمايدۇ. ئۇلار كۈنىمىزدىكى قابىل تەرجىمانلارنىڭ تۈننى تاڭغا ئۇلاپ قان-تەر تۆكۈپ تۇرۇپ قىلغان تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن ئۈزۈندە ئېلىپ توختىماي كىتاب «ياسايدۇ». ھەتتا بۇ قۇراشتۇرۇپ ياساپ چىققان كىتابنىڭ يېرىمىغا يېقىن ئىبرەتلىك ئۈزۈندىلەر مەلۇم بىر تەرجىماننىڭ قان-تەرى بولۇپ چىقىدۇ. «ياساپ» چىققان كىتابنى بازارلىق قىلىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

قاملاشمىسمۇ ھەيۋەتلىك ناملار بىلەن بېزەپ تەرەپكە تارقىتىۋېرىدۇ.

دېمەك، نۆۋەتتە كىتابچىلىقتىكى بۇ خىل قېلىپلاشقان ئېقىمنىڭ دەسلەپكى باشلىغۇچىلىرى ئۆزىنى تۇيۇپ سەل ئىنساب بىلەن ئىش قىلىش نىيىتىگە كەلمەستىنلا، ئۇنىڭ ئىشىدىن ئۆلگە ئالىدىغان يېڭى شاگىرتلارغا زامانىمىزدىكى كىتاب قۇراقچىلىقى «ھۈنەر»ىنىڭ يامىرىشى، يىللاردىن بېرى ئاددىي ئوقۇرمەنلىك بىلەن ياشاۋاتقان كەمىنەگە ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنى نەشرىياتچىلىقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يۆنىلىشى ھەققىدە ئەپسۇسلۇق قاينامغا سۆرەيدىغىنى ئېنىق. سۆزىمىزگە پاكىت سۈپىتىدە تۆۋەندە ئاددىيغىنە بىر مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. مىسالنى كۆرسىتىشتىن بۇرۇن شۇنى ئىزاھاتلاپ ئۆتىمىزكى، بۇ پەقەت كىتاب قۇراقچىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مەۋجۇتلۇق مۇھىتىنىڭ ناھايىتى ئاددىي مىسالى. لېكىن شۇنىمۇ بىلىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ قۇراشتۇرمىلىرىنىڭ تولۇقىنى كىتابخانىلاردىن تېپىش مۇمكىنچىلىكى ئېتىبارى بىلەن ھەر ۋاقىت، ھەر زامان بارلىق قۇراشتۇرمىلارنىڭ قەيەردىن كەلگىنىنى، ئۇلارنىڭ ھەققىي ھەقداسىنىڭ كىملىكىنى، قايسى ژۇرنال- كىتابتىن قانداق كېسىپ ئېلىپ قايسى كىتابتا قانداق ئۆرۈپ- چۆرۈگىنىنى، ھەتتا بەزى يەرلىرىنى كۆزى كۆرمەي قانداق ئۆزگەرتىپ يېزىپ سالغىنىغا قەدەر پاكىتى بىلەن كۆرسىتەلەيدىغىمىز ئانچە قىيىن ئىشمۇ ئەمەس. ئەمما مەزكۇر ماقالىنىڭ بۇلارغا قارىتا دەسلەپكى سىگنال ۋە مەسلىھەت بولۇش ئۈنۈمىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ نەشرىياتچىلىقتا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قىلغان ئەتمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ ئولتۇرمايمىز.

تۆۋەندە ئۆتكەن ئون يىلدىن بۇيان ئىزچىل كىتاب نەشرىياتچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان «ئې.ت» بىلەن يېڭىدىن كىتاب نەشرىياتچىلىقى يولىغا قەدەم بېسىۋاتقان «م.م» نىڭ (ئىسمى قىسقارتىپ ئېلىندى — مۇھەررىردىن) قۇراقچىلىقىدا يېقىندا نەشر قىلىنغان ئىككى كىتابى ھەققىدە تەپسىلىي ئانالىز ئېلىپ بارىمىز. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىتابنىڭ نامى «نىتزى مۇنداق دەيدۇ» بولۇپ، ئۇ كۆنىمىزدىكى ئۆزىنىڭ ئېسىل تەرجىمىلىرى بىلەن، مەنىۋىيىتىمىزنى پەرۋىش قىلىۋاتقان ئەدىب ۋە تەرجىمان ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمە قىلغان «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» ناملىق كىتابىدىن قۇراشتۇرۇلۇپ چىققان.

ئەپسۇسكى، «نىتزى مۇنداق دەيدۇ» دېگەن كىتابنىڭ ھېچبىر يېرىدە كىتابنىڭ ئېنىق كېلىش مەنبەسى، ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ئېنىق ئۇستاتى ئېلىنمىغان. ئەسلىدىكى تەرجىمان بىلەن كېيىنكى تۈزگۈچىنىڭ كىتابقا سىڭدۈرگەن ئەجىر نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كېيىنكى كىتابنى تۈزگۈچى 400 بەتكە يېقىن بىر كىتابنى بىر مۇجۇپلا 100 بەتكە يېقىن كىتابتىن بىرنى قۇراشتۇرۇپ چىققان، خالاس. ھەتتاكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب نەشر قىلغۇچى ئەپەندىلەر كىتابنىڭ ئاخىرقى بەتتىكى ئىزاھاتلاردا بولسىمۇ بىر قاتار تەرتىپتىن باشقا ھېچبىر چۈشەندۈرۈش بېرىلمىگەن.

ھەتتا كىتابنىڭ دەسلەپكى «تۈزگۈچىدىن» دەپ بېرىلگەن كىرىش سۆز قىسمىدىمۇ، مەزكۇر كىتابنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇشتا زور مېھنەت سىڭدۈرگەن ھەقدالىق تەرجىمان ھەققىدە گەپ- سۆزسىزلا كىتابنى قۇراشتۇرۇپ بازارغا سېلىۋەتكەن. «ئې.ت»نىڭ بۇنداق يەڭگىلتەكلىك بىلەن «تۈزگۈچىلىك» نامىدا بازارغا سېلىۋەتكەن كىتابلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، قۇراقچىلىق بىلەن روياپقا چىققان ئۇ كىتابلار ئەمەلىيەتتە ئاللىبۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن تولۇقى بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىقىپ بولغان.

قۇراقچىلىقنىڭ يەنە بىر تىپىك مىسالى «م.م» تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ بازارغا سېلىنغان «تىنىقلاردىن تەرمىلەر» ناملىق كىتابتۇر. كىتابنىڭ خاراكتېرى باشقىلارنىڭ تۈرلۈك ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن جەملەنگەن بىر توپلام. بۇ كىتاب قۇراشتۇرۇلۇشى «ئې.ت»نىڭ قۇراقچىلىقىدىن پەرقلىق ھالدا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىدىكى «ھېكمەت ۋە نەسىھەت»، «تىنىقلاردىن تەرمىلەر» قاتارلىق قىسىملىرى ئومۇمەن كىتابتىكى نەزمىي ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، بۇلار ئاللىبۇرۇن نەشر قىلىنىپ بولغان «دانالار خەزىنىسى» دېگەن كىتابتىن ئېلىنغان. كىتابتىكى «تارىخ»قا مۇناسىۋەتلىك مۇندەرىجە ناھايىتى قالايمىقان، تۈرگە ئايرىشتىمۇ پرىنسىپسىز بولغاندىن تاشقىرى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ ھەرقايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلىرىدىكى ھېكمەتلەر ۋە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ باشقىلارنىڭ سۆزىدىن ئالغان نەقىللەر بىلەن توشۇپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە ئابدۇشۈكۈر مۇ

ھەممەدئەمىننىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىمۇ باشقا بىراۋ تەرىپىدىن 2000 ـ يىلىدا تۈزۈلۈپ «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ھېكمەتلىرى (1)» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنىپ بولغان. ئەمدى «م.م»نىڭ بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدىكى يەنە بىر ئىجادىيىتى كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىدىكى «تارىخىي قاراش» دېگەن قىسمىنىڭ 147 ـ بېتىدىن 218 ـ بېتىگىچە ئىتالىيەلىك سىياسەتشۇناس نىككولو ماكياۋېللىينىڭ سۆزلىرى تولۇق كىرگۈزۈلگەن. ئېنىقكى، بۇ كىتابنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىللەيدىغان سۆز ـ جۈملىلەر يەنە شۇ مېھنەتكەش تەرجىمان ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندىنىڭ تەرجىمە ئەمگىكى سۈپىتىدە 2000 ـ يىلى روياپقا چىققان نىككولو ماكياۋېللىنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغان.

ئەمما كىتابنىڭ يا كىرىش سۆزىدە ۋە ياكى تۈگەنچىسىدە بولسۇن، بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئەسكەرتىش ياكى ئىزاھات بەرمىگەن ۋە ياكى بۇ كىتابنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان شۇنچە كۆپ ئەمگەك كىتاب تۈزگۈچى تەرىپىدىن ئايرىم تەرجىمە قىلىنغانمۇ ئەمەس. پەقەت كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى بەتتە پىلانلىغۇچى، مەسئۇل مۇھەررىرلىرى، مەسئۇل كوررېكتورى، مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى، تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى قاتارلىق ئۇچۇرلار يېزىلغان خالاس.

يۇقىرىقى ئىككى كىتابنىڭ ئاخىرقى بەتتىكى بۇ ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كىتاب نەشر قىلىش پىرىنسىپى بىزگە مۇنداق خۇلاسىنىڭ بېشارىتىنى بېرىدۇ:

« 1. ئىلگىرى نەشر قىلىنىپ بولغان باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ئىككىنچى بىر ئادەم قايتا تۈزۈپ نەشر قىلسا تامامەن بولىدۇ. پەقەت قانۇنىي ھەقدار دەۋا ـ دەستۇر قىلمىسا ياكى مۇشۇ نادان، قويدەك ياشايدىغان ئوقۇرمەن ئارىسىدىن بىرسى كۆزنى ئېچىپ «ماۋۇ ئىش بولماي قالدى» دەپ سالمىسىلا نەشرىيات نەشر قىلىۋېرىدۇ.

2. بۇ خىلدىكى قۇراقچىلىق ھېسابىدا چىقىۋاتقان كىتابقا ئاز بولغاندا ئالتە، كۆپ بولغاندا ئونغىچە ئادەمنىڭ ئىسمى يېزىلسا كىتاب نەشر قىلىنىش ئىجازىتىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە كىتاب چىقارغۇچىلار مۇۋاپىق ھەقتىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاۋېرىدۇ. بۇ دەۋردە پەقەت سىز ئەقلىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ئىش ئۇقىشىيالىسىڭىزلا «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ».

3. كىتاب چىقارغۇچىلار كىتابنىڭ ئارقا بېتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. تۆۋەندىكى ئىسخېمىدىكى ئالتە ئورۇن چوقۇم نەشرىياتتىكى ۋە ياكى مەلۇم بىر ئادەملەرنىڭ نامى قانائەتلىنەرلىك قىلىپ توشقۇزۇلۇشى كېرەك.

باش پىلانلىغۇچى
باش تۈزگۈچى
تۈزگۈچىلەر
تەكلىپلىك مۇھەررىر
مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور...»

ئۇنداقتا يۇقىرىقى يەكۈن نەشرىياتچىلىقنىڭ پىرىنسىپىمۇ؟... ئۇنداق ئەمەس. بۇ نەشرىياتنىڭ پىرىنسىپى ئەمەس، بەلكى كىتاب قۇراقچىلىرىنىڭ پىرىنسىپسىزلىقىدۇر، نانخورلۇقىدۇر، كاززاپلىقىدۇر... بۇنداق پىرىنسىپسىزلىقىدىن سىرت، بىز بۇ خىلدىكى قۇراقچىلىق بىلەن توختىماي كىتابخانا تەكچىلىرىدىن ئورۇن ئېلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ ئەسلىي كىتابتىن ئىككىنچى كىتابقا كېسىپ چاپلىنىش جەريانىدا، ئاڭلىق ۋە ئاڭسىزلىق بىلەن بەزى سۆز ـ جۈملىلەرنى ئۆزگەرتىپ تاشلانغانلىقىنى، بەزى جۈملىلەرنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىماستىنلا خالىغانچە قىسقارتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە، دەسلەپكى ئەمگەك ئىگىلىرىنىڭ «جاسارىتى»گە «تەھسىن ئوقۇش» بىلەن بىللە، ئۇلارنى تەتۈر قىلىپ نەشرىياتچىلىقنى پېتىقلاۋاتقانلارغا ئىنساب تىلىمەي ئامالىمىز يوق.

3

كۈنىمىزدىكى ھەر قانداق بىر نەشرىياتنىڭ كىتاب پىلانلاپ، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ بەزى غوللۇق ئەسەرلەرنى كىتاب قۇراقچىلىرىنىڭ روياپقا چىقىرىشى ھەقىقەتەن ئالقىشلىنارلىق ئىش. ئەمما نەشر قىلىنىپ بولغان كىتابلارنى قايتىدىن «سېغىپ» يېڭى كىتاب پەيدا قىلىش، يەنە كېلىپ بىراۋنىڭ بىلىم ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئابرۇيى ۋە ئىقتىساد توپلايدىغان دەسمىيسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش ئوقۇرمەن بىلەن نەشرىياتچىلىق ئارىسىدا پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئېنىقكى، كىتاب قۇراقچىلىقى نەشرىيات ئىسراپچىلىقىنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيىدۇ. نەشرىياتنىڭ ئىسراپ بولۇۋاتقىنى، يالغۇز نەشرىياتتىكى قەغەز، سىياھ، پىلانلىغۇچى، باش تۈزگۈچى، مۇئاۋىن تۈزگۈچى... قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكىنىڭلا ئىسراپچىلىقى ئەمەس، كۈنى-

مىزدىكى ياشاممىزنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىنىڭ ئىسراپ بو-
لۇۋاتقانلىقىدۇر. بۇ كىتاب قۇراقچىلىرى كۆنىمىزگە قەدەر
تالاي كىتابلارنى قۇراشتۇردى. شەخس نامىدىن كىتاب پە-
لانلايدىغان كاتتا «ئىجادىيەت»نى كەشىپ قىلدى. ئەمەل-
يەتتە كۆنىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ كىتاب پىلانلىشى
بىلەن بىزنىڭ كىتاب پىلانلىشىمىز ئوتتۇرىسىدا پەرق خېلى
چوڭ. باشقىلار ئاكادېمىيە، چوڭ - چوڭ ئىلىم يۇرتلىرى نامى-
دىن ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى غوللۇق كىتابلارنى
پىلانغا ئېلىش بىلەن بىللە، شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالاي-
دىغان مەخسۇس مۇتەخەسسىسلەر توپى تەشكىللەپ ئاندىن
كىتاب نەشر قىلىدۇ. ئەمما بىزدىكى كىتاب قۇراقچىلىرى كە-
لاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىلگىرى نەشر قىلىپ بولغان ئەسەرلىرى-
نى قاسىسىق ئەتكەن چاغدا، شۇنىڭ ئورنىغا كىلاسسىك ئە-
دىبلىرىمىزنىڭ تېخى نەشرىيات يۈزى كۆرمىگەن تالاي قول
يازمىلىرىنى خەلقئارالىق ئىلمىي ئاكادېمىك ئۆلچەمدە نەشر
قىلىپ ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلىپ باقسا
سۆيۈنگىدەك ئىش بولاتتى. قابىل تەرجىمانلىرىمىزنىڭ ئەمە-
گەكلىرىنى تىككۈچىلىك كارخانىسىنىڭ غوجايىنىغا ئوخشاش
كېسىپ - ياماپ يۈرگەندە، شۇ ئاپتورلارنىڭ تېخى تەرجىمە
قىلىنمىغان باشقا ئەسەرلىرىگە مەبلەغ سېلىپ ئوقۇرمەن
بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقسا ئالقىشلىغىدەك
ئىش بولاتتى. ئۇلار بارنى ئۇرۇپ، پالتىلاپ ئوششاق -
ئوششاق ھالەتتە تەكرار بازارغا سېلىشقا چىدىدىكى، يوقنى
بار قىلىشقا، بارنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىل-
مىدى. مەسىلەن، «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» دېگەن
ئاللىبۇرۇن مۇھەررىرلىك، كوررېكتورلۇقتىن ئۆتتۈپ
نەشردىن چىقىپ بولغان بىر كىتابنى «نىتزى شۇنداق
دەيدۇ» دەپ پىلانلاپ، تۈزۈپ، مۇھەررىرلىكتىن ۋە ئەڭ
ئاخىرىدا كوررېكتورلۇقتىن ئۆتكۈزۈپ ئىسراپچىلىق قىلىن-
دى، ئەمما نىتچىشنىڭ «تىراگېدىيەنىڭ تۇغۇلۇشى»گە
ئوخشاش داڭلىق پەلسەپە كىتابلىرى دەۋرىمىزدىكى تىرىش-
چان ئىجتىھات ئىگىلىرى تەرپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ تورلار-
غا يوللىنىپ تۇردىيۇ، لېكىن ئۇنى نەشر قىلىشقا بۇ قۇراقچى-
لار بىر قەدەم ئېلىپ باقمىدى. نىككولو ماكياۋىللىنىڭ ئۇيد-
غۇرچە تەرجىمىسىدە 178 بەت كېلىدىغان «ھۆكۈمدارلار
دەستۇرى» ناملىق كىتابتىن «م.م» ئەپەندى 100 بەتكە
يېقىن جۈملىنى ئىككىنچى بىر كىتابقا كۆچۈرۈپ، پىلانلاتقۇ-
زۇپ، مۇھەررىرلىكتىن ئۆتكۈزۈپ ئىسابسىزلارچە نەشرد-
ياتنى ئەخمەق قىلدىيۇ، ئەمما نىككولو ماكياۋىللىنىڭ خەنزۇ-
چىدا تولۇق نەشر قىلىنغان توپلامىنى ئۇيغۇرچىغا تەييارلاش-
نى چۈشكىمۇ ئەكىرىپ باقمىدى ھەم ئۇنداق ئۇمىدلەرنى
كۈتۈشمۇ بىر ئەخمەقلىقتۇر. چۈنكى، تەييارغا ھەييار بولۇپ
جان بېقىشنىڭ كويىغا چۈشكەن بۇ قۇراقچىلاردا، مېھنەت
قىلغۇچىلارنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلغۇدەك نەشرىياتچە-
لىق ئېڭى بولغان بولسا، نەشر ئەپكارىدىن ئىبارەت قول-
مىزدىكى مەۋجۇت ئەۋزەللىككە ئۆزىنىڭ شەخسىي مەۋقۇلا-
تى، شەخسىي ئويى سۈپىتىدە ئەمەس، 10 مىليونغا يېقىن
ئۇيغۇرنىڭ تەربىيەلىنىش مەكتىپى، يېتەكلىنىش قورالى سۈپە-
تىدە مۇئامىلە قىلغان بولار ئىدى.

دەرھەقىقەت، كۆنىمىزدىكى نەشرىيات خادىملىرىمۇ
«قولاقنى ئېتىپ قوڭغۇراق ئوغرىلاۋاتقان» كىتاب قۇراقچە-
لىرىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىش-
كە سەۋەبكاردۇر. بىر تۈركۈم نەشرىياتلارنىڭ ھە دېسە ئاپ-
تورلارنىڭ ئىجادىي مېھنىتى بەدىلىگە كەلگەن ئەسەرلەرنى
قوبۇل قىلىشقا قارىغاندا، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ئوغرىلاپ
كىتاب تۈزۈپ جان باقىدىغان بازارچىلارنىڭ پائالىيەت قو-
رۇسىغا ئايلىنىپ قېلىشى بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. ئۇلار
ئۆزلىرى نەشر قىلىپ بولغان كىتابلارنىڭ قايسى ئىكەنلىكە-
نى ئوبدان بىلىدۇ، ھەتتا ئۇلار بىراۋنىڭ ئىلىم ئىگىلىكى ھو-
قۇقىنىڭ ۋە نەشرىياتچىلىق قانۇنلىرىنىڭ قانداق بولىدىغان-
لىقىنى، نەشرىياتنىڭ نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرگىدەك بىر
پىكىر ئىگىسى ياكى قابىل بىر تەرجىماننىڭ يېتىشىپ چىقىشى
ئۈچۈن قانچىلىك ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىغىنىنى ئوبدان بىلىدۇ.
شۇڭىمۇ ئۇلار يىللاردىن بېرى مەتبۇئاتچىلىقتىكى ئويىنىل-
ۋاتقان ئويۇنلارنىڭ، بولۇۋاتقان ئىسراپچىلىقلارنىڭ ۋە
ئىلمىي ئەمگەكنى قەدىرلەش، ھۆرمەتلەش ئېڭى شەكىللەن-
مىگەن بۇ قىلمىشلارنىڭ باش جاۋابكارىدۇر. بۇلارغا شۇنە-
مۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، ناۋادا سىلەر ۋىجدانىڭلار بىلەن
ياشىغان بولساڭلار مۇشۇنداق كىتاب قۇراقچىلىقى سەۋەب-
لىك نەشر ئىسراپچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىشنى قىل-
غىنىڭلار ئۈچۈن قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغان بو-
لاتتىڭلار.

بىراۋنىڭ ئىلىم ھوقۇقىنى كۆزگە ئىلمىغىنىڭلار ئۈچۈن
تۆلەم تۆلەيتتىڭلار. سىلەر تەۋە بولۇپ ياشاۋاتقان ئىجتىما

www.uyghurkitap.com

ئۆي توپتىن ئەپۇ سورايتتىڭلار، ئەمما بۇ يەردە سىلەردىن ئەپۇ تەلەپ قىلىۋاتقان ئاۋام ئەمەس، سىلەرنى قاچانمۇ مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىننىڭ «كۆپلەپ ئىلمىي ئەسەر نەشر قىلالمىغان نەشرىيات يوپۇرماق چىقىرىپ مېۋە بەرمىگەن دەرەخكە ئوخشايدۇ. جىددىيەتلىكى شۇكى، ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئۈستىدىكى قىرغىنچىلىق تارىخىمىزنىڭ بەزى پەسىللىرىدىكى ئاق تېررورلۇقتىنمۇ يامان. ئانىلىرىمىز ئاق تېررورلۇقتا قامالغان، قەتلى قىلىنغان مىقداردىكى بالىلارنى قايتا تۇغۇپ نوپۇسىمىزنى تولۇقلاشقا قادىر بولسىمۇ، قىرقىلغان مەدەنىيەت گۈلزارىمىزنى، ئۇنىڭ كىتاب كامالىتىگە يەتكەن مېۋىلىرىنى تولۇقلاشقا قادىر ئەمەس.» [1] دېگەن ئىلتىجالىرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتەركىن دېگەن ئۈمىدتە تېپىرلاۋاتقان ئاۋام مەۋجۇت. نېمىنى تاللىشىڭلار دەۋرنىڭ سىلەرگە بەرگەن پۇرسىتىدۇر، خالاس.

شۇنداق، مەتبۇئات ۋە نەشر ئەپكار ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھتىن پۈتكەن بىر دۆۋە كىتاب ـ ژۇرنال دۆۋىسىنى ئاپىرىدە قىلىدىغان مېخانىك زاۋۇت ئەمەس. ئۇ ماھىيىتى بىلەن بىر مەكتەپ. بۇ مەكتەپنىڭ قانداق لايىھەلىنىشى ماھىيەتتە بىزنىڭ قانداق لايىھەلەنگەنلىكىمىزدۇر. بىلىشىمىز كېرەككى، نەشرىياتنىڭ ماھىيىتىگە دەۋرنىڭ ئەڭ ئېغىر يۈكلىرى ئارتىلغان. كىتاب قۇراقچىلىقى بىلەن نەشرىياتنى ئىسراپ قىلىش ئۆزىمىزنىڭ قولى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ يۈرىكىمىزگە يىڭنە سانجىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. شۇڭىمۇ كەلگۈسىمىز ھەققىدە ئوي ـ خىياللارغا غەرق بولغىنىمىزدا ئالدى بىلەن بۇ گۈلزارلىقنىڭ پەرۋىش قىلىنىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. كېلەچىكىمىز قۇراقچىلىق، ئىسراپچىلىق بىلەن ئەمەس مېھنەت بىلەن، ئەمەلىي ئەمگەك بىلەن نۇرانە بولغۇسى.

**ئىزاھ**

[1] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ناملىق كىتابتىكى «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» ناملىق ماقالە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى 53 ـ بەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى


## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ چەت ئەلگە چىقىش، پەرزەنتلىرىنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇش بىر قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى، كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار نۆۋەتتە ئىش ئورنى تېپىش بىر قەدەر تەس بولۇش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەرزەنتلىرىمىزنى چەت ئەلدە ئوقۇتساق كەلگۈسىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى تاپالايدۇ، دەپ ئويلاپ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتتە زور ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەپ پەرزەنتلىرىنى چەت ئەلگە چىقىرىۋاتىدۇ ۋە چەت ئەلدە ئوقۇتۇۋاتىدۇ، كىشىلەرنىڭ چەت ئەلگە ئىنتىلىشى زادى توغرىمۇ؟ چەت ئەل ئېرەمباغمۇ؟ چەت ئەلدە ئوقۇش شۇنچە ئاسانمۇ؟ ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەت ئەلدە ئوقۇشنىڭ جاپاسىنى زادى قانچىلىك كىشى بىلىدۇ؟ مەن زىيارەت خاراكتېرلىك ئوقۇش جەريانىدا چەت ئەلدە شاھىت بولغان ئىشلار ئارقىلىق بۇ سوئالنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن!

مەندىمۇ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان چەت ئەل چۈشەپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش قىزغىنلىقى بولغاچقا، يېشىم 30 دىن ئاشقاندا مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتتە ئىنگلىزچە ئۆگىنىپ، ئىدارەمنىڭ قوللىشى بىلەن دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم، بىر يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تور ئارقىلىق مەكتەپ ئالاقىلىشىپ، يېشىم 40تا كانادانىڭ كولومبىيە ئۆلكىسى ۋانكۇۋېر (Vancouver) شەھىرىدىكى كولومبىيە تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى (Columbia Institute of Technology British)غا بىر يىللىق زىيارەت خاراكتېرلىك ئوقۇشقا چىقتىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى، چەت ئەلدىكى يېڭى تۇرمۇشۇممۇ باشلاندى.

چەت ئەل راستىنلا ئېرەمباغمۇ؟

مەن 2006 - يىلى 14 - ماي بېيجىڭدىن جۇڭگو ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ چوڭ تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ توپتوغرا 12 سائەت ئۇچۇپ، شۇ يەر ۋاقتى 14 - ماي چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى ئەتراپىدا ۋانكۇۋېر خەلقئارا ئايروپورتىغا چۈشتۇم، ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىدا دوستلىرىم تونۇشتۇرغان، ئەنگلىيەدە دوكتورلۇق ئوقۇپ كاناداغا كۆچمەن بولۇپ چىقىپ كېتىپ ۋانكۇۋېردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان دوكتور ھەكىمە ئەرشىدىن خانىمنىڭ ئوغلى دىلشات مېنى ئايروپورتقا ئالغىلى چىققانىدى. بىز ئايروپورت تاموژنىسىدىكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ يېرىم سائەتچە مېڭىپ، ھەكىمە خانىم تۇرۇۋاتقان ۋانكۇۋېر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە كەلدۇق، مەن يولدا كېلىۋاتقاچ ۋانكۇۋېرنىڭ قىياپىتىگە سەپسېلىپ ماڭدىم، كېلىماتى ئۈرۈمچىنىڭ 5 - ئايلىرىغا ئوخشاپ قالسىمۇ، كۆپكۆك ئاسمان ۋە پاك - پاكىز شەھەر مۇھىتى ئادەمنى تولىمۇ سۆيۈندۈرەتتى، بىز ۋانكۇۋېرنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى جۇڭگولۇقلار كوچىسىغا يېقىن تۆت كوچا ئېغىزىغا چىرايلىق سېلىنغان بىنانىڭ يەر ئاستى ماشىنا توختىتىش ئورنىغا ماشىنىنى توختىتىپ قويۇپ ھەكىمە خانىمنىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماققا

مەن كۆرگەن دۇنيا

ئولتۇردۇق، تاماقتىن كېيىن ھەكىمە خانىمنىڭ تەكلىپى بىلەن
كاناداغا يېڭىدىن كۆچمەن بولۇپ چىقىپ ۋانكوۋېردا ئولتۇ-
راقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار دالىدا قىلغان چاي زىياپىتىگە
داخىل بولۇپ قالدىم، ئۇلار ئۇنچە ئائىلىلىك بولۇپ، ئۆزلە-
رى ئۆيدە تەييارلىغان تائاملىرىنى ۋانكوۋېر شەھىرىنى
كېسىپ ئۆتىدىغان فرېيزېر دەرياسى (Fraser River) بويىغا
ئاپىرىپ، ئۆزئارا مۇڭداشقاچ تاماشا قىلىۋاتاتتى. شۇنداق
قىلىپ مەن 15 كۈنچە بۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالدىم، مەندىن 15
كۈن بۇرۇن ئۈرۈمچىدىن كاناداغا كۆچمەن بولۇپ چىقىپ
كەتكەن بىر دوستۇم ئەر - ئايال ئاشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتى،
تاماقتا ھەممىمىز خۇددى بىر چوڭ ئائىلە كىشىلىرىدەك
بىللە بولاتتۇق، ئۇلار كۈندە دېگۈدەك ئىش ئىزدەپ
چىقىپ كېتەتتى. مەن بىر نەچچە كۈن ھەكىمە خانىمنىڭ يار-
دىمىدە شەھەر چۆرگىلىدىم، ۋانكوۋېرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھ-
ۋالى، شەھەرلىكلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئادىتى، كانا-
دالىقلار بىلەن كۆرۈشكەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتار-
لىق جەھەتلەردە ئاز تولا ساۋاتقا ئىگە بولدۇم. مەن ھەكىمە
خانىمنىڭ ياردىمىدە ماڭا تەكلىپنامە ئەۋەتكەن ئاشۇ مەكتەپنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى دوكتور جىم رېچارت (Dr. Jim. Reichert)
ئەپەندىمگە ۋانكوۋېرغا كەلگەنلىكىمنى، دوستۇمنىڭ ئۆيىدە
تۇرۇۋاتقىنىمنى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇقتۇرغىنىمدا، ئۇ
دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەكتەپ
رېستورانىدا سائەت 10 دا كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ،
كۆرۈشۈشكە فاكولتېت مۇدىرى باربارا خانىم، يېتەكچى ئو-
قۇتقۇچۇم مارك ئانجېلو ۋە دوكتور مارۋىن ئەپەندى قاتنى-
شىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇلار باشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىدى-
غانلىقى توغرىسىدا ئېلخەت قايتۇردى، مەن دېيىشكەن بويى-
چە شىم كاستۇمۇمنى رەتلىك كىيىپ 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى
ئەتىگەن سائەت 10 دا مەكتەپ رېستورانىدا ئۇلار بىلەن
ئۇچراشتىم، بىز غىزالانغاچ تونۇشۇپ چىقتۇق، يېتەكچى ئو-
قۇتقۇچۇم دوكتور مارك ئانجېلو (Dr. Mark Angelo) مېنى
فاكۇلتېت بىناسىغا ئېلىپ چىقىپ باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا تو-
نۇشتۇرغاچ ئىشخانامنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن پات ئارى-
دا چەت ئەلگە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا چىقىدىغانلىقىنى،
ئۆزىنىڭ تەتىل جەريانىدا مەكتەپتە بولالمايدىغانلىقىنى،
ئىش بولسا ئېلخەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىشىمنى، تەتىلدە دەم
ئالغاچ ساياھەت قىلىشىمنى تاپىلاپ، ئۆزىنىڭ فورت ماركى-
لىق پىكاپىنى تەتىلدە ئىشلىتىشىم ئۈچۈن ئاچقۇچىنى ماڭا
ئۆزاتتى، بىراق مەن ماشىنا ھەيدەشنى بىلمىگەچكە، چاش-
دۇرماستىن پىراۋامنى ئەكەلمىگەنلىكىمنى باھانە قىلىپ، ما-
شىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالمىدىم، مەكتەپتە ياتاق بولمىغاچقا،
يېقىن ئەتراپتىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشنى تاپىلىدى.
مەن مەكتەپكە بەش بېكەت كېلىدىغان تۆت كوچا ئې-
غىزىدىكى سىرتقا ئىجارىگە بېرىدىغان بىر قورۇ (house)دىن
بىر يورۇش ئۆي (ئىككى ئېغىزلىق)نى ھەر ئايلىقىنى 850
دوللاردىن ئىجارىگە ئېلىپ بىر ئاي ئولتۇردۇم، ئۆيگە ياپو-
نىيەنىڭ سونى ماركىلىق 21 دىيۇملۇق نىمكەش تېلېۋىزور-
دىن بىرنى 40 دوللارغا سېتىۋالدىم، تاماق ئېتىدىغانغا قازان
- قومۇچ ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەرنىمۇ سېتىۋېلىپ تولۇقلى-
دىم، ئاشۇ بىر ئاي جەريانىدا يالغۇز تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە شەھەر مۇھىتى، ئادەملىرى ماڭا يات - ناتونۇش بول-
غاچقا، كۈنلىرىم تولىمۇ زېرىكىش ئىچىدە ناھايىتى ئاستا ئۆ-
تۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، مەن ۋانكوۋېرغا كېلىپ ئون كۈن
ئىچىدە ئەلچىخانىغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم، چۈنكى ئەلچى-
خانىغا تىزىملاتقاندىن كېيىن ئەلچىخانا مېنىڭ كانادادا تۇرۇ-
ۋاتقان مەزگىلدىكى تۇرمۇش خىراجىتىمنى ھەر ئۈچ ئايدا
بىر قېتىم بانكا كارتامغا سېلىپ بېرەتتى، بىر ئايلىق
تۇرمۇش خىراجىتىم ۋاقتىدا چۈشمىگەچكە ئۆي ئىجارىسى
بېرىشكە قىينىلىپ قالدىم، ئۆزۈم ئېلىۋالغان 2000 دوللارنى-
مۇ خەجلىۋەتكەنتىم، ئۆي ئىجارە ئالغاندا غوجدارغا مەك-
تەپنىڭ تەكلىپنامىسىنى كۆرسىتىپ ئالدىن بىر قىسىم پۇلىنى
بېرىپ، قالغان پۇلىنى پات ئارىدا ئەلچىخانا تۇرمۇش راس-
خوتۇمنى چۈشۈرۈپ بەرگەندە بېرىشكە كېلىشىپ كۆچۈپ
كىرگەنتىم، ئويلىمىغان يەردىن تۇرمۇش پۇلۇم ۋاقتىدا
چۈشمىدى، غوجدار بىر كۈنى كەچتە تۇيۇقسىز ئۆي ئىجا-
رىسىنى سوئىلەپ ئەتىسى چۈشكىچە بەرمىسەم كۆچۈپ كېتى-
شىمنى ئۇقتۇردى، مەن جىددىيلەشكىنىمدىن كەچقۇرۇن ئۈ-
رۈمچىدىن كۆچمەن بولۇپ چىققان دوستۇمنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ 1000 دوللار ئارىيەت ئېلىپ، قالغان ئۆي ئىجارىسى-
نى دەل ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ كۆڭلۈم ئارام تاپتى، بۇ تۇنجى
ئايدا تۇرمۇشتا بىر ئاز قىينىلىپ ياتاقداش تېپىشقا تىرىشتىم،
چۈنكى ياتاقداش تاپسام ئۆي ئىجارىسىنى تەڭ كۆتۈرەت-
تۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىپ تىل جەھەت-
تىمۇ ئىلگىرىلەش بولاتتى، تور ئارقىلىق ئېلان بەردىم، ۋاش-

كۇۋۇر شەھرىنىڭ بېرنابى رايونى (Burnaby)دىكى مەركە-زىي كۇتۇپخانا ۋە مەكتەپ كۇتۇپخانىسى ئالدىغمۇ ئېلان چاپلىدىم، ئاخىر ئافرىقىلىق بىر ئىشلەمچى ئىبگىر چىقتى، بىراق ئۇۋي ئىجارىگە بەرگەن غوجىدارغا ئېيتسام ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشۇمغا قوشۇلمىدى، غوجىدار ئاق تەنلىك بولۇپ، سۈرۈشتۈرسەم ئۇ قارا تەنلىكلەرگە ئۆي ئىجارە بەرمەيدىكەن، ئاخىر بىر ئايىنى ئاران توشقۇزۇپ بېرنابىدى-كى مېترو بېكىتى ۋە ئاپتوبۇس بېكىتىگە يېقىن جايدىن ھەر ئايلىقىنى 850 دوللارغا ئۆي تېپىپ كۆچۈپ كەتتىم. يەنە يا-تاقداش تېپىشقا توردا ئېلان بەردىم، بىر قانچە جۇڭگولۇق، بىر ئالبانىيەلىك، ئۇنىڭدىن باشقا ئافرىقىلىقلارمۇ بىللە تۇ-رۇشقا كەلدى، بىراق مۇۋاپىق كۆرمەي ئاخىر قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشلەۋاتقان مارىيو (Mario) ئىسىملىك بىر گېر-مانىيەلىك بىلەن بىللە تۇردۇم، مىجەزىمىزمۇ خېلى چىقىشىپ قالدى، ئۇمۇ ئىنگلىزچە سۆزلەيتتى، ھەپتىدە بەش كۈن ئىشلىسە، ئىككى كۈن ساياھەت قىلاتتى، مەنمۇ بوش ۋاقىت-لىرىمدا مارىيوغا ھەمراھ بولۇپ ۋانكۇۋېردىكى داڭلىق ساياھەت ئورنى ۋىستلېر (Whistler) كېلوۋنا (Kelowna) دىن باشقا تاغلىق شەھەر كاملوپس (Kamloops)، مەركىزى شەھەر ۋىكتورىيە (Victoria)، ۋانكۇۋېر ئارىلى (Vancouver Island)، توفىنو كىچىك ئارىلى (Tofino Small Island) ۋە دېڭىز سا-ھىللىرىغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ نۇرغۇن جايلارنى كۆردۈم، مارىيونىڭ خەلقئارالىق پىراۋىسى بولغاچقا، ماشىنا ئىجارىگە ئېلىپ ساياھەت قىلاتتى، مەنمۇ بىللە ھەمراھ بولاتتىم، ياۋ-روپالىقلارنىڭ ياشاش، تۇرمۇش ئادىتىگىمۇ ئاز - تولا كۆنۈپ قالدىم. 9 - ئايغىچە كولومبىيە (British Columbia) ئۆلكىسىدىكى نۇرغۇن جاينى ساياھەت قىلدىم.

2006 - يىل 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە، مەن چەت ئەلدىن كەلگەن مۇتەخەسسىس سۈپىتى-دە ۋانكۇۋېردىكى سىمون فرېيزېر ئۇنىۋېرسىتېتى (Simon Fraser University) دا «سۇ ۋە شەھەرلىشىش» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتىم. بۇ قېتىمقى يىغىنغا مەملىكەت بويىچە 80 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس قاتناشقان بولۇپ، نۆۋەتتىكى سۇ مە-سىلىسى ۋە شەھەرلىشىش، سۇ تېجەش، پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش، بۇلغىمنى ئازايتىش توغرىسىدا بەس - مۇنا-زىرە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن جەريانىدا ۋانكۇۋېردىكى دەريا - ئۆستەڭلەر، شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەنبەسى، پاس-كىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتلىرى، ئىچىملىك سۇنى سۈزۈپ تازىلاش زاۋۇتلىرى، كۆللەر قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، ئۇنىڭدىن باشقا، ئىچىملىك سۇنى باشقۇرۇش، شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، يامغۇر سۈيىنىڭ ئىچىملىك سۇنى بۇلغاش مەسىلىسىنى قانداق تىزگىنلەش قا-تارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىپ نۇرغۇن تەكلىپ ۋە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2006 - يىلى 13 - ئاۋغۇست ياتاقدىشىم مارىيو ۋان-كۇۋېردىكى شەرقىي ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسى بىلەن كانادا ھاۋا ئارمىيەسى بىرلىكتە ئۇچۇش مانېۋىرى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشى-مىزنى ئېيتتى، مەن مارىيو بىلەن ماشىنا ئىجارىگە ئېلىپ 13 - ئاۋغۇست نەق مەيدانغا بېرىپ كۆردۇق، ھاۋا ئارمىيە بازى-سىدا ئادەم بەك كۆپ ئىدى، بىز نەق مەيداندا تۈرلۈك ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۇچۇش ماھارىتىنى كۆردۇق، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىغا چىقىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، ئۇچقۇچىلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق، ئۇلار شۇنداق قىزغىن، سەممىي، ئەدەپلىك ھەم خۇشخۇي ئىدى، ئىككى دۆلەت ھاۋا ئارمىيەسى تۈرلۈك ئۇرۇش ئاي-روپىلانلىرىنىڭ ئۇچۇش ماھارىتى مېنى تولىمۇ جەلپ قىلدى ھەم چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

شۇنداق قىلىپ تەتىل توشقىچە بىر تەرەپتىن مەكتەپكە بېرىپ ئۆگىنىش قىلسام، يەنە بىر تەرەپتىن ياتاقدىشىم گېر-مانىيەلىك مارىيو بىلەن ساياھەت قىلدىم، ئىش تېپىپ ئىشلەپ كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە توردا ئالاقىلىشىپ بىر ئۆي كۆچۈش شىركىتىدە بىر نەچچە كۈن ئىشلەپ باقتىم، بېلىق تۇتقۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ 2006 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ۋانكۇۋېرنىڭ روك (White Rock) دېگەن يېرىدە دېڭىزدا بىر كۈن قىسقۇچ پاقا تۇتۇش بىلەن شۇغۇللاندىم. روك دېگەن جاي ۋانكۇۋېر بىلەن ئامېرىكى-نىڭ سىئاتىل (Seattle) شەھىرىنى دېڭىز ئارقىلىق تۇتاشتۇ-رۇپ تۇراتتى. تەتىل جەريانىدا تۇرمۇش ئۆگەندىم، كانادا-دا ياشاشنىڭ يوللىرىنى ئاز - تولا ئىگىلىدىم، كۈنلىرىم ئا-شۇنداق ئالدىراشلىقتا ئۆتۈپ، تەتىل ۋاقتىمۇ توشۇپ قالدى.

9 - ئايدا يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىش بىلەن

www.uyghurkitap.com

دەرسكە قاتنىشىش، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كاماندىروپكا ۋە دالا تەكشۈرۈشكە چىقىش، كەچتە قوشۇمچە تىل كۇرسىغا قاتنىشىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن تېخىمۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. كانادادىكى ئاشۇ بىر يىللىق زىيارەت خاراكتېرلىك ئوقۇشۇم ۋە ئەمەلىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتەم ئارقىلىق كانادالىقلار يەنى ياۋروپا ـ ئامېرىكىلىقلار بىلەن شەرقىي ئاسىيالىقلار يەنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم.

**1. مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق.** مەدەنىيەت نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىشلىق بولۇپ، ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى دىن، ھەرقايسى ئىرقتىكىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تىل ـ يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى ۋە باشقا نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى دىن، ھەرقايسى ئىرقتىكىلەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ ئوخشىمايدۇ، مەدەنىيەت مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا، ئىنسانلارنىڭ روھىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا سەرخىل مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ، ناچارلىرىنى شاللاپ، مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىدۇ، دۇنيا مەدەنىيەت ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق گۈزەللىشىدۇ.

مەن كانادادا بىر يىللىق سەرگۈزەشتەمدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، جۇڭخۇا ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى يەنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە باشقا نۇرغۇن تەرەپلەردىن كانادالىقلار يەنى ياۋروپا ـ ئامېرىكا مەدەنىيەت ئېقىمىدىكىلەردىن ھەر جەھەتتىن پەرقلىنىدىكەن. مەسىلەن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزگىچە مول تائام مەدەنىيىتى بولۇپ، ھەر جەھەتتىن خاسلىققا ئىگە ئىكەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، مول تائام مەدەنىيىتىنى، مېھماندوستلۇقىنى، مەززىلىك تائاملىرىنى ھېچ جايدىن تاپقىلى بولمايدىكەن.

كانادا چوڭ جەھەتتىن بۈيۈك بىرىتانىيە مەدەنىيىتى، فىرانسىيە مەدەنىيىتى ۋە ئامېرىكا مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەنگەن كۆچمەنلەر دۆلىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، يېمەك ـ ئىچمىكى، كىيىم ـ كېچىكى، تىل ـ يېزىقى ئاساسەن ياۋروپا مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ ئىكەن، كانادادىكى يەرلىك مىللەت ئىندىيانلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىنى مۇزېيلاردىلا كۆرگىلى بولىدىكەن.

كانادادا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەرنى، ھەر خىل دىندىكىلەرنى، ھەر خىل ئىرقتىكىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن، لېكىن دۆلەت تىلى ئىنگلىز تىلى بىلەن فىرانسۇز تىلى بولغاچقا، ھەرقانداق كىشى ئاشۇ تىلدا سۆزلىشىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇقرالارنىڭ مىللىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئىرقى، يېشى، جىنسى قاتارلىقلارنى سوراش ئەدەپسىزلىك ھەم مەدەنىيەتسىزلىك بولغاچقا، قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، قايسى دۆلەتتىن كەلگەنلىكىنى ئاسان بىلگىلى بولمايدىكەن، كانادالىقلار ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش، تەييار تاماق، ئىسسىز تاماق، سوغۇق تائاملار، قەھۋە ۋە سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ياخشى كۆرىدىكەن، كوچىلاردىكى ئاشپۇزۇللارنىڭ كۆپىنچىسى ئىتالىيە پېساخانىسى، كېنتاكى تېز تاماقخانىسى (KFC)، ھامبۇرگ بولكىسى تېز تاماقخانىسى، قىسمەن گىرېكچە تائاملار ئاشخانىسى، ياپونچە ئاشپۇزۇللاردىن باشقا جۇڭگولۇقلار كوچىسىدا جۇڭگوچە ئاشپۇزۇللارنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن، ۋانكوۋېردا ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن، ئافغانىستان ۋە باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتقىلى بولسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانچە ئاشپۇزۇلنى تاپقىلى بولمايدىكەن. يېمەكلىك جەھەتتىكى بۇنداق ئوخشىماسلىقلار چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدىكەن، جۇڭگولۇقلار قورۇغان تائاملارنى يېيىشنى ئاساس قىلغاچقا، بىر قىسىم جايلاردا جۇڭگولۇقلارغا يەنى خەنزۇلارغا ئۆيي ئىجارە بېرىشتە ئۆيدە قورۇما قورۇشقا چەك قويۇپ، مۇھىت تازىلىقىغا رىئايە قىلىشقا ئالاھىدە ئەسكەرتىلىدىكەن، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ۋە مۇسۇلمانچە ئاشپۇزۇللار بولمىغاچقا، ئۇيغۇرلار يېمەك ـ ئىچمەككە كۆنەلمەي، تۇرمۇشتا قىينىلىدىكەن. كانادادا يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، ساختا، سۈپىتى ناچار، بۇلغانغان يېمەكلىك ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسكەن، ۋاقتى ئۆتكەن يېمەكلىكلەر ھەرگىز سېتىلمايدىكەن، ئاشپۇزۇل ۋە تاللا بازارلىرىدا پىشۇرۇق يېمەكلىك قىممەت، خام يېمەكلىك ئەرزان ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېمەكلىكلەرنى ساقلاش مۇددىتى توشاي دەپ قالغاندا، ناھايىتى ئەرزان باھادا تۆكمە قىلىپ ساتىدىكەن ياكى شاللاپ بىر تەرەپ قىلىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

**2. مۇھەت ئاسراشقا بولغان كۆزقارىشىدىكى ئوخشىماسلىق.** كانادا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۆچمەنلەر دۆلىتى بولۇپ، يەر مەيدانى 9 مىليون 900 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 37 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئادەم ۋە تېخنىكا كۈچىگە ھەرۋاقىت ئېھتىياجلىق ئىكەن، شۇنداق چوڭ زېمىندىمۇ بايلىقنى قالايمىقان ئېچىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى بۇلغايدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلمايدىكەن، مۇھىتنى ئاسراش، يەر شارىنىڭ يېشىللىقنى قوغداشنى ھەر بىر كىشى ئۆز ھەرىكىتىدە ئىپادىلەيدىكەن، ئۇلار ياشاۋاتقان زېمىن چوڭ، بايلىق كۆپ، ئادەم ئاز بولسىمۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ ئانا تۇپراقنى گۈللەندۈرۈش، يېشىللىقنى قوغداشنى ئۆز ئائىلىسىنى قوغداشتىنمۇ مۇھىم بىلىپ، ھەرقانداق بىر ئىشتا مۇھەت ئاسراشنى 1- ئورۇنغا قويىدىكەن، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى بۇزۇش بەدىلىگە كەلگەن ھەرقانداق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى قوللىمايدىكەن، دۆلەت مەنپەئىتىگە بىۋاستە چېتىلىدىغان ۋە خەلق تۇرمۇشىغا بىۋاستە نەپ يەتكۈزىدىغان چوڭ قۇرۇلۇشلار بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ مۇھەت ئاسراش قانۇن- نىزاملىرىنىڭ ئالاقىدار ئۆلچەملىرىگە يەتمىسە، مەزكۇر تۈر ياكى قۇرۇلۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىكەن، ھەممە كىشىدە مۇھەت ئېڭى تۇرغۇزۇلغاچقا ھەتتا تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنىمۇ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تۈرلىرى بويىچە دەرىجىگە ئايرىپ تاشلايدىكەن، ئاممىۋى سورۇندا تاماكا چېكىش، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەش، ئىچىملىك بوتۇلكىسىنى قالايمىقان تاشلاش، قالايمىقان تۈكۈرۈش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسكەن.

2006- يىلى 9- ئاينىڭ باشلىرىدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم ۋە بىر قانچە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە ۋانكۇۋېرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان مەلۇم بىر تاغلىق رايوننىڭ مۇھىتى ۋە سۇ سۈپىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە چىقتۇق، بۇ ئۈچ كۈنلۈك سەپەر بولغاچقا، ئۆزۈم تەييارلىغان تەييار يېمەكلىك ۋە ئازراق بانان ئېلىۋالغانتىم، شۇ كۈنى كەچتە دالىدا چېدىر قۇرۇپ ياتتۇق، بىز بارغان كۈندىن باشلاپ بىر كېچە- كۈندۈز قار ياغدى، 9- ئايدا ۋانكۇۋېرنىڭ ھاۋاسى ئۆرۈمچىنىڭ ھاۋاسىغا ئوخشاپ قالسىمۇ، لېكىن تاغنىڭ ھاۋاسى قار يېغىش بىلەن خېلىلا سوۋۇپ كەتكەنتى، مەن ئۆزۈم ئېلىپ چىققان باناننى كەچتە چېدىرىمدا يەپ بولۇپ، شۆپۈكنى ئۆزۈم قۇرغان چېدىرنىڭ كەينىدىكى قارىغاي يېنىغا تاشلاپ قويۇپتىمەن، ئەتىسى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم مېنىڭدىن بۇنى سىز تاشلىدىڭىزمۇ دەپ سورىدى، مەنمۇ شۇنداق دەپ جاۋاب بەردىم، بىراق يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم بۇنى مەن سومكامغا سېلىپ ئەكىتىپ شەھەردىكى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاپ قويايدەپ ئېلىپ كەتتى، مەن بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھەم خىجىللىق ھېس قىلىپ شۇنىڭدىن كېيىن نەگە بارسام دىققەت قىلدىم، مەيلى چۆل- جەزىرە بولسۇن ھەممە كىشى شۇنداق قىلىدىكەن، باشقىلار كۆرمىدى دەپ تاشلاپ كەتمەيدىكەن، بۇنىڭدىن مەن كانادالىقلارنىڭ مۇھەت ئاسراش ئېڭىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقىنى، بىز جۇڭگولۇقلاردىن زور پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلدىم، مۇشۇنداق مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرىدى.

2007- يىلى 2- ئاينىڭ بېشىدا ئامېرىكىغا چىقىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەييارلاندۇق، ئامېرىكىغا چىقىش ئۈچۈن كانادالىقلاردىن ۋىزا تەلەپ قىلمايدىكەن، شوپۇرلۇق پىراۋىسى بىلەن خالىغان ۋاقىتتا كىرىپ چىقالايدىكەن، بىراق جۇڭگولۇقلاردىن ۋىزا تەلەپ قىلغاچقا، مەن بىر ئاي بۇرۇن مەكتەپنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئېلىپ ئامېرىكىنىڭ ۋانكۇۋېردا تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا بېرىپ ئىلتىماس قىلىپ بىر يىللىق ۋىزا ئېلىپ قويغانتىم، 2- ئاينىڭ 10- كۈنى بىز بىر قانچە ئوقۇتقۇچى، مۇھەت ئاسراش مىنىستىرلىقىدىكى ئىككى مۇتەخەسسىس ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن مەكتەپنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ۋانكۇۋېردىن ئامېرىكا ۋاشىنگتون ئىشتاتىنىڭ سېئاتىل شەھىرى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ سېرىقتاش باغچىسىدا ياۋايى ھايۋانلار ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا يولغا چىقتۇق، بىز ئىككى كۈن يول يۈرۈپ ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون، ۋىيومىڭ، مونتانا ۋە ئايداخو ئىشتاتلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ سېرىقتاش باغچىسىغا يېقىن بىر كىچىك بازارنىڭ مېھمانخانىسىغا چۈشۈپ، ئەتىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزنى باشلىدۇق، بىر نەچچە كۈندە سېرىقتاش باغچىسىدىكى ياۋايى ھايۋانلار، ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ۋە باشقا جانلىقلار توغرىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن ساۋاتلارغا ئىگە بولدۇق، بۇ جەرياندا بىز بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى ۋە مۇھەت ئاسراش مىنىستىرلىقىدىن كەلگەن ئىككى خادىم ئاشۇ باغچىدىكى تەبىئىي ئارىشاڭغا چۈشتۇق، ئارىمىزدىن بىر ئوقۇتقۇچى ئىچىشكە ئاپارغان پىۋا بوتۇلكىسى قولىدىن چۈشۈپ چېقىلىپ

كېتىپ بىر نەچچە پارچىسى تەبىئىي ئارشاڭدىكى سۇ ئاستىدا قالدى، بىز ھەممىمىز ئاشۇ بوتۇلكا پارچىسىنى تا تېپىپ چىققۇچە ئىزدەپ قوللىرىمىز قاناپ كەتتى، ئاخىر تېپىپ ئېلىپ سومكىغا قاچىلاپ ئېلىپ كەتتۇق، كەچتە مەن مۇھىت ئاسراش مىنىستىرلىقىدىن بىز بىلەن بىللە كەلگەن دوكتور كەن ئاشى (Dr. Ken Ashy) بىلەن كەچلىك تاماقتىن كېيىن مۇھىت مەسىلىسى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدىم، ئۇ ماڭا كانادا ھۆكۈمىتى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مۇھىت ئاسراشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئامېرىكا كالىفورنىيە ۋە لوس-ئانژېلىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جارېد دىئاموند « Diamond Jared»نىڭ « Collapse» دېگەن كىتابىنى كۆرۈپ قويۇشۇمنى، مەزكۇر كىتابتا دۇنيادىكى مۇھىت بۇلغىنىش ئېغىر بولۇۋاتقان بىر قىسىم دۆلەتلەر، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ ئېكولوگىيە ۋە مۇھىت مەسىلىسى توغرىسىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان مۇھىم مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى تەۋسىيە قىلدى ھەمدە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تەكلىماكان ۋادىسىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان بىر ھەپتە ئىچىدە كانادا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىگە يېتىپ كېلىدىغانلىقى، جۇڭگونىڭ ئېكولوگىيەسىنى تۈزەشكە كانادا ھۆكۈمىتى ھەر يىلى زور خىراجەت ئاجرىتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن مەن كانادالىقلارنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ ئانا تۇپراق مۇھىتىنى نەقەدەر ئاسرايدىغانلىقىنى، دۇنيا مۇھىتىنى ئاسراشتىكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم.

ئامېرىكىنىڭ سېرىقتاش باغچىسى 1872-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ دەسلەپكى دۆلەتلىك تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان باغچە ھېسابلىنىدىكەن، مەزكۇر باغچىنى ۋىيومىڭ، مونتانا ۋە ئايداخو ئىشتاتى قورشاپ تۇرىدىكەن. باغچىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 8983 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىكەن. بۇ تەبىئىي باغچىدا ياۋايى ھايۋانلاردىن شىمالىي ئامېرىكا ياۋا كالىسى (Bison)، بۇغا، بۆكەن، ياۋا قوي، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق يەتتە خىل تۇياقلىق ھايۋانلار، قارا ئېيىق، كۈل رەڭ ئېيىق، 67 خىل باشقا سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار، 322 خىل قۇش، 16 خىل بېلىق، ئۇنىڭدىن باشقا كۈل رەڭ بۆرە، تاغ شىرى قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارمۇ باركەن، ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەرەخ تۈرلىرى 1700 خىلدىن ئاشىدىكەن.

بۇ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان باغچىدا ئۈستى ئوچۇق ئېقىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن تەبىئىي ئارىشاڭ، نەچچە 100 تەبىئىي شارقىراتما، تەبىئىي كىچىك كۆللەر، 20 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە ئېتىلىپ تۇرىدىغان يانارتاغ ۋولقىنى، باغچىنى كېسىپ ئۆتىدىغان سېرىقتاش دەرياسى قاتارلىقلار بولۇپ، باغچىنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىسى ھەر يىلى 3 مىليوندىن كۆپ ساياھەتچىنى جەلپ قىلىدىكەن. 132 كۋادرات ئىنگلىز مىلى چوڭلۇقىدىكى سېرىقتاش كۆلى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز كۆل ھېسابلىنىدىكەن.

مەن ئامېرىكىدىن كاناداغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋانكۇۋېرنىڭ بېرنابىدىكى مەركىزىي كىتابخانىسىدىن پروفېسسور جارېد دىئاموند « Jared Diamon»نىڭ « Collapse» دېگەن كىتابىنى 24 كانادا دوللىرىغا سېتىۋېلىپ، جۇڭگونىڭ مۇھىت مەسىلىسىگە ئالاقىدار بابتىن «جۇڭگونىڭ 1978-يىلى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەندىن بۇيانقى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى بىلەن مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكنى، مۇھىت مەسىلىسى ھاۋا، سۇ، تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنىڭ يوقىلىشى ۋە چوڭ قۇرۇلۇشلاردىن ئىبارەت ئالتە جەھەتتە گەۋدىلىك بولۇۋاتقانلىقى، جۇڭگو ئاتموسفېراسىغا قويۇپ بېرىلىۋاتقان كاربون تۆت ئوكسىدىمۇ پۈتكۈل دۆلەتلەر قويۇپ بەرگەن كاربون تۆت ئوكسىدنىڭ 12%نى ئىگىلەپ، يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىدە ئاساسلىق رول ئويناۋاتقانلىقى، مۇشۇ نىسبەت بويىچە كېتىۋەرسە 2050-يىلغا بارغاندا كاربون تۆت ئوكسىدنى قويۇپ بېرىشى پۈتكۈل ئاتموسفېرادىكى كاربون تۆت ئوكسىدنىڭ 40%نى ئىگىلەيدىغانلىقى، مۇھىت بۇلغايدىغان ئازوت ئوكسىدلىرى، كاربون تۆت ئوكسىدنىڭ ئېشىشى — ئاپتوموبىللار ۋە كۆمۈر كۆيدۈرىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كۆپىيىشىدىن بولۇۋاتقانلىقى، دەريا-ئۆستەڭ سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ بۇلغىنىشى زاۋۇت، كان-كارخانا ۋە شەھەر كىرەكسىز سۇلىرىنى قالايمىقان قويۇپ بېرىش، دېھقانچىلىق ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى كىرەكسىزلىرى، خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، سولياۋ يوپۇقلارنى قالايمىقان ئىشلىتىش، تۆكۈش سەۋەبىدىن تەخمىنەن

www.uyghurkitap.com

75% كۆللەر، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار بۇلغىنىۋاتقانلىقى، جۇڭگونىڭ دۇنيا بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئاران ھەر بىر ئادەمگە 0.3 ئىنگلىز موسىدىن توغرا كېلىپ، ئورمان قۇرۇقلۇقنىڭ 16%نى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىش سەۋەبىدىن سۇ تۇپراقنى ئېقىتىپ كېتىشى ۋە كەلكۈن ئاپىتىنىڭ كۆپلەپ بولۇۋاتقانلىقى، 1996 ـ يىلدىكى پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىدە 2 مىليارد 500 مىليون دوللار ئىقتىسادىي زىيان بولغانلىقى، 1998 ـ يىلى 240 مىليون كىشى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقى، بۇ جۇڭگو نوپۇسىنىڭ 1/5نى ئىگىلەپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنى چۆچۈتكەنلىكى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش، سۇ تۇپراقنى ئېقىتىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئېنېرگىيە تېجەپ بۇلغىما ئازايتىش قاتارلىق بىر قاتار ئۈنۈملۈك سىياسەت تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ، مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئېكولوگىيەنى ياخشىلاشقا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقى ھەم بۇ جەھەتتە خەلقئارادا ئىجابىي رول ئويناۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم.

**3. ۋاقىت كۆز قارىشى جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق.**

ھەممىمىزگە مەلۇم، ۋاقىت ئالتۇن دېمەكتۇر، ۋاقىت پۇل دېمەكتۇر، ۋاقىتنى قەدىرلەش ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكتۇر. بىزدە بىرەرسى بىلەن كۆرۈشۈشكە پۈتۈشۈپ قويۇپ ياكى تېلېفوندا كېلىشىپ قويۇپ ۋاقتىدا بارمايدىغان، بىرەر سورۇنغا بىر ـ ئىككى سائەت كېچىكىپ بارىدىغان ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. بۇ بىزدە بىر تەرەپتىن ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى پەيدا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىزنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ، مەنىۋىيىتىمىزگە سىڭىپ كەتتى، بۇ بىزنىڭ روھىيىتىمىزدىكى يامان ئىللەتكە ئايلىنىپ، تۈزەتمىسە، ئوڭشىمىسا بولمايدىغان ھالەتكە يېتىپ، ئوبرازىمىزنى خۇنۈكلەشتۈردى. كانادالىقلارنىڭ ۋاقىتقا بولغان قارىشى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بىرەرسى بىلەن كۆرۈشۈش ياكى باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى 15 كۈن ياكى بىر ئاي بۇرۇن تور ياكى تېلېفون ئارقىلىق كېلىشىپ، دەل ۋاقتىدا بارىدىكەن، ھەرگىز كېچىكمەيدىكەن، بالدۇرمۇ بېرىۋالمايدىكەن، بەش ـ ئون مىنۇت كېچىكسە ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمەيدىكەن، بىرەر چاي زىياپىتى ۋە باشقا سورۇن بولسىمۇ ئەڭ ئۇزاق بولغاندا بىر يېرىم سائەت ئەتراپىدا داۋاملىشىدىكەن، ھەرگىز ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايدىكەن، ئاشۇ سورۇن ياكى زىياپەتتە ئوچۇق ـ يورۇق، كەڭ ـ كۇشادە مۇڭدىشىدىكەن، ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق قىلمايدىكەن. مەن ئاشۇ مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن 2006 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دوكتور جىم رىچارت (Dr. Jim Reichert) ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇيۇمنىڭ بارلىقىنى ئېلخەت ئارقىلىق قارشى تەرەپكە بىلدۈرگىنىمدە مەكتەپ مۇدىرى دەرھال ئېلخەت قايتۇرۇپ 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10:30 دا يېرىم سائەت ۋاقتى بارلىقىنى، مېنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتا ۋاقتىم بار ـ يوقلۇقىنى ئۇقتۇردى، مەن دەرھال ئېلخەت ئارقىلىق ئاشۇ ۋاقىتتا بارالايدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردۇم، شۇنداق قىلىپ بىز ئاشۇ كېلىشكەن ۋاقىتتا ناھايىتى سەممىي كۆرۈشتۇق، جۇڭگونىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەنچە بەردىم، ئاندىن بىللە رەسىمگە چۈشتۇق، يېرىم سائەتلىك سۆھبىتىمىز سەممىيلىك ئىچىدە ئاخىرلاشتى، مەن كېيىن يەنە مەكتەپتىكى زىيارەت خاراكتېرلىك ئۆگىنىشىم توغرىسىدا مۇۋاپىق پەيتتە كۆرۈشۈش ئارزۇيۇم بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قول ئېلىشىپ خوشلاشتىم، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرىمۇ ھەرقانداق ئىشلىرىم بولسا ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى، مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقىنى سەممىي بىلدۈردى. 2 ـ قېتىم 2007 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا يەنە ئېلخەت ئارقىلىق كېلىشىپ 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئوخشاش ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان ئىككى كىتاب سوۋغا قىلدىم ھەم بىر يىللىق ئۆگىنىش دوكلاتىمنى تاپشۇردۇم، جۇڭگوغا بېرىپ شىنجاڭنى كۆرۈپ بېقىشنى، مۇھىت ئاسراش، ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش جەھەتتە ھەمكارلىق ئورنىتىشقا تەكلىپ بەردىم، ئۇمۇ سەممىيىتىنى بىلدۈردى، بىز يېقىن دوستلاردەك پاراڭلىشىپ، ئاندىن خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ خوشلاشتۇق.

ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم دوكتور مارك ئانجلو (Dr. Mark Angelo) مېنى بىر قېتىم مەكتەپ رېستورانىدا خانىمى بىلەن مېھمان قىلدى، ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە دەل ۋاقتىدا باردىم، ئۇلار ئەر ـ ئايال خۇشال ھالدا

كۆتۈۋالدى، بىز ئۈچەيلەن بىردىن هامبۇرگ بولكىسى، بىر ئىستاكاندىن مۇز قوشۇلغان كوكا كولا بۇيرۇتۇپ تاماق يېگەچ پاراڭلاشتۇق، چۈشلۈك ۋاقىت قىسقا بولغاچقا، 40 مىنۇت ئەتراپىدا مۈگدىشىپ يەنە ئىشخانىمىزغا قايتتۇق، مېنىڭ ئىشخانام ئۇنىڭ ئىشخانىسى بىلەن بىر قەۋەتتە ھەم يېقىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ئالدىن كېلىشىپ قويۇپ ئاندىن كۆرۈشەتتۇق، پەقەت دەرس، لېكسىيە ۋە دالا تەكشۈرۈشكە چىققانلاردا ئازادە پاراڭلىشالايتتۇق، ئۇلارنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى زىچ ھەم ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بولمىغاچقىمىكىن، ئاشۇنداق جىددىيلىكتە ئۆتەتتى، مەنمۇ بارا-بارا كۆنۈپ قالدىم، ئوقۇشۇم تۈگەيدىغانغا بىر ئاي قالغاندا 15 كۈن بۇرۇن يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم مارك ئانجىلو مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى، ئايالى مەخسۇس ئاشۇ كۈندە دەم ئېلىپ مېنى مېھمان قىلىدىغانلىقى، ۋاقتىم بار-يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىشخانامغا كىرىپتۇ، مەن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم، شۇ كۈنلۈك زىياپەتكە ئايالى ۋە چوڭ قىزى قاتنىشىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. كېلىشىپ قويغان ۋاقىت بويىچە يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم مارك ئانجىلو مېنى ئالغىلى كەلدى، بىز ئۇنىڭ ماشىنىسىدا ئۆيىگە باردۇق، ئايالى كاسى ئانجىلو خانىمۇ ئاتايىن بىر كۈن دەم ئېلىپ تەييارلىق قىلغانىكەن، ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىنتايىن قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئالدى بىلەن داچا شەكلىدە سېلىنغان ئازادە ئۆيلىرىنى بىر قۇر كۆرسەتكەندىن كېيىن مېنى مەخسۇس تەييارلىغان چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى، بىز تۆتەيلەن پاراڭلاشقاچ تاماق يېدۇق، تاماق ئۈستىلىگە ماڭا ئاتايىن تەييارلىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ راك گۆشىدە قورۇما قورۇپ ئەتكەن بىر تەخسە ئىتالىيە چۆپىنى، ئۆزلىرىگىمۇ بىر تەخسىدىن ئېلىپ چىققاندىن باشقا تۇماق چوڭلۇقىدا بىر دانە تورت ۋە بىر تەخسە سالات بارتى، مەن تەكەللۇپ بىلەن ئىتالىيە چۆپىنى ئەدەپ بىلەن ئاۋاز چىقارماي يەۋەتكەندىن كېيىن يەنە تەكەللۇپ بىلەن بىر پارچە تورتقا ئېغىز تەگدىم، تاماق ئۈستىلىدە باشقا يېمەكلىك يوق ئىدى، مېنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمنى بىلگەچكە، ماڭا هاراق تۈرىدىكى ئىچىملىكنى قەتئىي زورلىمايتتى، بىز پەقەت سوغۇق ئىچىملىك ئىچكەچ ئاشۇ تائاملارنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىنىڭ ئىچىدە ۋە هويلىسىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق، مەن ئاتايىن شىنجاڭدىن ئەكەلدۈرگەن ئۇيغۇر دوپپىسىنى مارك ئانجىلو ۋە ئۇنىڭ خانىمى، چوڭ قىزىغا كىيدۈردۈم، ئۇلارغا شۇنداق يارىشىپ كەتتى، ئۇلارمۇ بۇ سوۋغاتلىقتىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇشتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئانجىلو خانىم ۋە ئىككى قىزىغا بىر دانىدىن يىپەك ياغلىق سوۋغا قىلدىم، مارك ئانجىلو ماڭا ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئىسمى يېزىلىپ شەرتلىك بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بىر دانە جىلتكە سوۋغا قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۆيىدە مېھمان بولۇش، خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش بولۇپ بىر سائەتچە ۋاقىت سەرپ قىلدۇق، چۈشتىن كېيىن مارك ئانجىلونىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولغاچقا، مەنمۇ بىللە قايتتىم. شۇ كۈندىكى چۈشلۈك تاماق ئاددىي بولسىمۇ، مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئۆيىدىن، مارك ئانجىلو ۋە ئانجىلو خانىمنىڭ خىزمەت ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ يىللىق كىرىمى 200 مىڭ دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى كىشىلەر قاتارىغا كىرەتتى، بىراق تۇرمۇشتىكى ئاددىي-ساددىلىقى، ئىقتىسادچىللىقىدىن ئۇلارنى تۆۋەن تۇرمۇشتىكى كىشىلەرمىكىن دەپ قالاتتى، مەن چەت ئەللىكلەر بىلەن كۆپ ئالاقىلىشىش جەريانىدا، ئىقتىسادچىللىقنىڭ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلانغانلىقىنى، يېمەك-ئىچمەكنى ئىسراپ قىلمايدىغانلىقىنى، ھەشەمەتچىلىك قىلمايدىغانلىقىنى، ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى، بىر-بىرىگە سەمىمىي ئىكەنلىكىنى، پۇللىرىنى ئورۇنلۇق ئىشلارغا خەجلەپ كۆڭلىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

**4. ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىدىكى ئوخشىماسلىق.** كانادا ئەنگلىيەنىڭ هامىيلىقىدىكى دېموكراتىك دۆلەت بولۇپ، زۇڭلى دۆلەت باشلىقى بولىدۇ، ھەممە ئىش پارلامېنتنىڭ ماقۇللۇقى ئارقىلىق يولغا قويۇلىدۇ، كانادا دۇنيادىكى بىردىنبىر كۆچمەنلەر دۆلىتى بولۇپ، دۇنيادىكى ھەممە مىللەت، ھەممە ئىرق، ھەممە دىنىدىكى كىشىلەرنى تاپقىلى بولىدۇ، لېكىن قايسى دىن، قايسى مىللەت، قايسى ئىرقتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىرقىي، جىنسىي، مىللىي، دىنىي كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ، دۆلەت قانۇنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ كىشىلەر ئەركىن-ئازادە، روھلۇق كۆرۈنىدۇ، جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ، ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەپ، ئەمگىكىگە قاراپ ئىش ھەققى ئالىدۇ، داۋالاش، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ھەقسىز

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنى ئازادە مۇھىتتا ئوقۇتى-
دۇ، ھەر بىر سىنىپتا كۆپ بولغاندا 20 نەپەر ئوقۇغۇچى
بولۇپ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى
ئاساس قىلىدۇ، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلى-
رىغا ئائىلە تاپشۇرۇقى ئاساسەن بېرىلمەيدۇ، بەرگەندىمۇ
ناھايىتى ئاز بولۇپ، مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن دەم ئېلىش-
نى ئاساس قىلىدۇ. كانادادا بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرى-
سىدىكى پەرق ئانچە چوڭ ئەمەس، مائاشى يۇقىرىلاردىن
ئېلىنىدىغان باج يۇقىرى، مائاشى تۆۋەنلەردىن ئېلىنىدىغان باج
ئاز بولۇپ، باج ئارقىلىق باي-نامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى
پەرق تەڭشىلىدۇ، ئىشسىزلىق نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن، مۇ-
بادا بىرەر كارخانىدا ئىشلىسىڭىز، مەزكۇر كارخانا سىز
ئىشقا چۈشكەن كۈندىن باشلاپ ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا
مەلۇم قىلىپ رويخەتكە ئالدۇرىدۇ، كارخانا ۋەيران بولسا
ياكى سىز ئىشتىن قالسىڭىز شۇ كۈندىن باشلاپ ھۆكۈمەتكە
مەلۇم قىلىپ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىدىن بەھرىمەن بولى-
سىز، ۋاقتىڭىزنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرالىسىڭىز، بىر نەچچە
ئورۇندا ئىشلەپ پۇل تاپسىڭىزمۇ بولىدۇ، باج يوشۇرۇش،
كىرىمىڭىزنى يوشۇرۇش قانۇنغا خىلاپ، كىرىمىڭىزنى ھۆ-
كۈمەت بانكا ئارقىلىق ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرىدۇ، پۇل خەج-
لىمەي بانكىدا قويسىڭىز پۇلىڭىزغا باج تۆلەيسىز، شۇڭا پۇ-
لىڭىزنى ئوبوروت قىلىپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. ئاتا-بالا ئوت-
تۇرىسىدا بېقىش-بېقىلىش مەجبۇرىيىتى بالا 18 ياشقا
كىرگەن كۈندىن باشلاپ مەۋجۇت بولمايدۇ، ئاتا-ئانىڭىز-
نىڭ سىزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش، ئۆي ئېلىپ بېرىش،
ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ، مۇبادا
خالىسا ئوقۇش پۇلىنى تۆلىسە ياكى ئۆي ئېلىپ بەرسە بولى-
دۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلىپ بىرەر مەكتەپ-
كە قوبۇل قىلىنسىڭىز، بانكا سىزنى ئۆسۈمسىز قەرز بىلەن ئو-
قۇتىدۇ، مەكتەپ پۈتكۈزۈپ ئىشقا چۈشكەن كۈندىن
باشلاپ بانكا قەرزنى تەدرىجىي قايتۇرۇشقا باشلايسىز،
ئىش تاپالمىسىڭىز ياكى قەرز قايتۇرۇش ئىمكانىيىتىڭىز بول-
مىسا، ئىلتىماس قىلسىڭىز ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ راستلىقى
مۇقىملاشسا، قەرزىڭىز كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، يالغانچىلىق
قىلىپ ئەھۋالنى يوشۇرسىڭىز، ھۆكۈمەت بايقاپ قالسا،
سىزنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆكۈمەت تەرەپتىن بەھرىمەن
بولىدىغان بارلىق ئىشلىرىڭىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھۆ-
كۈمەتنىڭ ياردىمىگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيسىز. ھۆكۈمەتنىڭ
پاراۋانلىقى ياخشى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە
بولغاچقا، كانادالىقلار مائاشىدىن پەرزەنتلىرى ۋە كېيىنكى
تۇرمۇشى ئۈچۈن پۇل يىغىشنى ئويلىمايدۇ، ھەپتە ئاخىرى ئا-
ساسەن دېگۈدەك ساياھەتكە چىقىپ دەم ئالىدۇ، ھۆكۈمەت
ۋە باشقا ھەرقانداق ئورۇن ئىش بېجىرمەيدۇ، كارخانىلار
ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەشكە توغرا كەلسە، سىزنىڭ رازىلىقى-
ڭىزنى ئېلىپ ئاندىن ئورۇنلاشتۇرىدۇ، قانۇن بويىچە ئىش
ھەققى نورمال كۈندىكىدىن ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ،
ھەر سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئون دوللار بولۇپ،
بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن. پەرزەنتلەرنى خارلاش، كىشىلىك
ھوقۇقىغا چېقىلىش دۆلەت قانۇنىدا چەكلەنگەن بولۇپ، مۇ-
بادا پەرزەنتىڭىزنى ئۇرسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئا-
لاقىدار تارماقلارغا تېلېفون قىلسا ياكى قوشنىڭىز ئەھۋالنى
مەلۇم قىلسا، ئالاقىدار تارماقلار سىزنىڭ پەرزەنتىڭىزنى
بېقىش ھوقۇقىڭىزدىن مەھرۇم قىلىدۇ، ھۆكۈمەت دەرھال
ئەكتىپ باقىدۇ. ھەر قانداق كىشى ئىشلىمەي ھۆكۈمەتنىڭ
قۇتقۇزۇش تەمىناتى ئېلىشنى نومۇس بىلىپ، قۇربىنىڭ يېتى-
شىچە ئىش تېپىپ ئىشلەيدۇ، ھەرقانداق ئورۇندا ئىرقىي
كەمسىتىش بولمايدۇ، ئىرق، مىللىتى، يېشى، جىنسىنى
سوراش ئەدەپسىزلىك، شۇنداقلا ئەخلاقسىزلىق بولۇپ،
توشقۇزىدىغان جەدۋەلدە بۇنداق كاتەكچە بولمايدۇ. ھۆكۈ-
مەت ئورۇنلىرى ياكى كارخانىلاردا ئەمەلدارلار بىلەن
پۇقرالار ھوقۇقتا باراۋەر بولۇپ، يۇقىرى-تۆۋەنلىك، كەم-
سىتىش بولمايدۇ، كارخانىلاردا غوجايىنىڭىز ئىشخانىسىدا
ئولتۇرماي، سىز بىلەن ئوخشاش ئىشلەيدۇ، سىز بىلەن بىللە
تاماق يەيدۇ، ھەر ئىشتا سىز بىلەن بىللە بولىدۇ. بىرەر
ئورۇن ياكى كارخانا قانۇنسىز ئادەم ئىشلەتسە، ھۆكۈمەت
بايقاپ قالسا ھەسسىلەپ جەرىمانە قويىدۇ ياكى كارخانىنىڭ
تىجارەت كىنىشكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئالىي مەكتەپ-
لەردە ئوقۇغۇچىلارغا ھەپتىدە 18 سائەت ئىشلەشكە
رۇخسەت قىلىش قانۇندا بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئىشلەشنى
خالىسىڭىز مەكتەپ ياكى ئالاقىدار تارماقلار مۇۋاپىق ئىش
تېپىپ بېرىدۇ، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

**بىز ئۈچۈن چەت ئەلدە ئوقۇش شۇنچە ئاسانمۇ؟**

نۇرغۇن كىشىلەر چەت ئەلدە ئوقۇشنى، نۇرغۇن ئاتا-
ئانىلار پەرزەنتلىرىنى چەت ئەلدە ئوقۇتۇشنى، ھەتتا

ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن قايتىپ كەلمەي ئاشۇ ياقا يۇرتتا ئىشلەپ كۆپ پۇل تېپىشنى، دوكتورلۇق ۋە دوكتور ئاشتىلقنى ئوقۇپ شان ـ شۆھرەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلىپ زور بەدەل تۆلەيدۇ. چەت ئەلدە ئوقۇش شۇنچە ئاسانمۇ ؟

**1. چەت ئەلدە ئوقۇش خىراجىتى ئىنتايىن يۇقىرى.**

چەت ئەلدە ئوقۇش خىراجىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بۇ بىر نورمال ئائىلىگە زور ئىقتىسادىي بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆزۈمنى مىسال قىلسام، گەرچە مەن دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردىمىگە ئېرىشىپ، ھەر ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 1300 كانادا دوللىرى تۇرمۇش ياردىمىگە ئېرىشكەن بولساممۇ، مۇشۇ 1300 كانادا دوللىرىنى ياتاق ۋە تۇرمۇش خىراجىتىمەگە يەتكۈزۈپ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى، ماڭا مەزكۇر مەكتەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئوخشاش بىر ئىشخانىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېلېفون ۋە باشقا كېرەكلىك ئەسلىھەلەرنى سەپلەپ بەرگەنتى، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئالاقىدار دەرسلەرگە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لېكسىيەسى ۋە بىر قىسىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتىم، ئوقۇتقۇچىلار ۋە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن كولومبىيە ئۆلكىسىدىكى نۇرغۇن تاغ ـ دەريالار، ئورمانلىقلار ۋە باغچىلاردا دالا تەكشۈرۈشكە كۆپ چىقتىم، ئامېرىكىنىڭ بىر نەچچە ئىشتاتلىرىغا بېرىپمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بولۇپ، نۇرغۇن ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە بولدۇم، مەن مەزكۇر مەكتەپتە زىيارەت خاراكتېرلىك ئوقۇشقا چىققان بىردىنبىر جۇڭگولۇق بولغاچقا، مەكتەپ ماڭا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاشۇ بىر يىل جەريانىدا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كاماندىروپكىغا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا چىققان ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان بارلىق چىقىملىرىمنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم ئۈستىگە ئالدى، بولمىسا مەن ئاشۇ 1300 كانادا دوللىرىنى يەتكۈزەلمەي، يەنە نۇرغۇن پۇل خەجلىگەن بولاتتىم. مەن تۇرغان ۋانكۇۋېر شەھىرىنىڭ ھاۋاسى ياخشى، يۇرتىمىز شىنجاڭغا ئوخشاش تۆت پەسىل ئېنىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆت ئەتراپى دېڭىز بىلەن ئورالغان بولغاچقا، نۇرغۇن بايلار، بولۇپمۇ جۇڭگولۇق بايلار ئاشۇ شەھەردە كۆپ ئىدى، ۋانكۇۋېردىكى 2 مىليوندىن ئارتۇق شەھەر نوپۇسىنىڭ ئىچىدە 600 مىڭدىن كۆپرەك جۇڭگولۇق بار. بولۇپمۇ ۋانكۇۋېردىكى جۇڭگولۇقلار كوچىسى ۋە رېچمائوند رايونىغا جۇڭگولۇقلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كۆپىنچەسى ئىنگلىزچىدىن باشقا گۇاڭدۇڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلىشەتتى، ۋانكۇۋېرنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئۆي ئىجارە ھەققى ۋە ئىستېمالمۇ كانادانىڭ باشقا شەھەرلىرىگە قارىغاندا يۇقىرى ئىدى.

2006 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، بىر تەرەپتىن دەرسكە قاتناشتىم، بىر تەرەپتىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم بىلەن دالا تەكشۈرۈش، كاماندىروپكىغا چىقتىم، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغىمۇ قاتناشتىم، كەچتە ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى تىل ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتناشتىم، بۇ جەريانىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بىر يىللىق زىيارەت خاراكتېرلىك ئۆگىنىشىم تۈگىگەندىن كېيىن ئاسپىرانتلىق ئوقۇشقا پىلان قىلدىم، لېكىن ئوقۇش پۇلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك، بۇ بىر چوڭ مەسىلە بولۇپ قالدى، مەن تور ئارقىلىق كۆپ مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلەشتىم، ئوقۇش پۇلىنى سۈرۈشتۈردۈم، كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۇلى يىلىغا 15 ـ 20 مىڭ كانادا دوللىرى بولۇپ، تۇرمۇش خىراجىتىگە يەنە نۇرغۇن پۇل كېتەتتى، ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردۇم، ئوقۇش پۇلۇمنى چىقىرىپ ئوقۇتىدىغان تەتقىقاتچى ـ پىروفېسسورلارنى ئىزدىدىم، لېكىن ئالاقىلىشىش ئوڭۇشلۇق بولمىدى، مۇبادا ئوقۇش پۇلۇمنى تۆلەپ بىرەر مەكتەپكە كىرسەممۇ يەنە تۇرمۇش پۇلۇمغا ھەر ئايدا 1000 كانادا دوللىرى كېتەتتى، يىرىم كۈن ئىشلەپ يىرىم كۈن ئوقۇغان تەقدىردىمۇ تۇرمۇشنى قامداش تەسكە توختايتتى، زىيارەت خاراكتېرلىك ئوقۇشۇم ئاخىرلىشىدىغانغا تۆت ئاي قالغاندا مەقسىتىمنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمغا ئېيتتىم، مەن ئوقۇماقچى بولغان كەسىپنىڭ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش كەسپى مەزكۇر مەكتەپتە بولمىغاچقا، يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم باشقا بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا تونۇشتۇردى، كېرەكلىك ماتېرىياللارنىمۇ ئاشۇ ئالىي مەكتەپنىڭ تەلىپى بويىچە تاپشۇردۇم، يۈزتۇرانىمۇ كۆرۈشتۇم، ئاخىر ئۇلار ئوقۇش پۇلۇمنى چىقىرالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئوقۇسام ئۆز خىراجىتىم بىلەن ئوقۇسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مۇبادا مەن ئۆز خىراجىتىم بىلەن ئوقۇسام ئىككى يىلدا ئاز دېگەندە 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك خەلق پۇلى

كېتەتتى، مەن ئاشۇ بىر يىلدا كۆپلىگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇ-
چىلار بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى ئوقۇشى-
نى داۋاملاشتۇرالماي يېرىم كۈن ئىشلەپ خىراجەت توپلاۋې-
تىپتۇ، ئەمما بىر قىسىم پۇلدارلارنىڭ باللىرى ھەشەمەتلىك
تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئاز ـ تولا مەكتەپكە بېرىپ قويۇپ كا-
نادادا تۇرۇش ۋىزىسىنى ئۇزارتىپ، ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئالداپ
تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇنداق كۆپ
ئوقۇش پۇلىنى تۆلەپ، ئەل ۋەتەندىن، ئائىلەمدىن ئايرى-
لىپ، زور بەدەل تۆلەپ ئوقۇغاندىن كۆرە، ۋەتەنگە قايتىپ
كېلىپ ئۆز ئورنۇمدا تۆھپە قوشۇش نىيىتىگە كېلىپ 2007 ـ
يىلى 7 ـ ئايدا ۋەتەنگە قايتتىم.

**2. ئۆگىنىش بېسىمى يۇقىرى.** ئۆگىنىش بېسىمى يۇ-
قىرى بولۇپ، ھېرىپ ـ چارچاپ ھالىمىزدىن كېتەي دەپ قا-
لىسىز، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغاندا مەنمۇ تولۇق
كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن دەرس ئاڭلاپ كەسپىي سەۋ-
يەم ۋە ئىنگلىزچە سەۋىيەمنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە كۈندۈ-
لۈك دەرسكە قاتناشتىم، ئوقۇتقۇچى چۈشتىن بۇرۇنقى ئۈچ
سائەت، چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەتلىك دەرستە تالاي
مەزمۇنلارنى ئۆتۈپ بولاتتى، كۆپىنچە دەرسلەر سىنىپتا
كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ياكى پىروېكسىيە ئاپپاراتى ئار-
قىلىق سۆزلىنەتتى، شۇ سائەتلىك دەرسنىڭ ماتېرىيالى
دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈ-
زۈلۈپ بېرىلەتتى، دەرسلەر ئۆتۈلۈپ ھەپتە ئارىلىقىنىڭ
مەلۇم كۈنلىرىدە شۇ دەرسنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى ئىشلە-
نەتتى ياكى ھەپتىدە بىر قېتىم سىناق ئېلىناتتى، تارقاتقان ئا-
لاقىدار ماتېرىياللار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كۆرۈپ ئۈلگۈرت-
كىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنگلىز تىلى مېنىڭ ئانا
تىلىم بولمىغانلىقى، مەزكۇر كەسىپ ماڭا يېڭى بولغانلىقى
ئۈچۈن دەرس ئاڭلاش ئىنتايىن قىيىن تۇيۇلدى. بىكار ۋا-
قىتتا كۆپ تىرىشتىم، تىل ئۆگىنىش كەچلىك كۇرسىغا قاتناش-
تىم، مەكتەپمۇ شارائىت يارىتىپ بېرىپ، تىل كۇرسىنىڭ
ئوقۇش ھەققىنى ئالمىدى، ۋاقىت ئەنە شۇنداق زىچ ھەم تېز
ئۆتمەكتە ئىدى، ماڭا كۈنلەر شۇنچە ئېغىر كەلدى، بىر
كۈنى يەنە سىناق ئېلىش ئۈچۈن ئىمتىھان قەغىزى تارقىتىل-
دى، مەن قانداق قىلىشنى بىلمەي خېلى ۋاقىتقىچە ئولتۇر-
دۇم، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە سوئالغا جاۋاب بېرەلەيتتىم،
دەرس ئوقۇتقۇچىسى يېنىمغا كېلىپ بىردەم تۇرغاندىن
كېيىن سىز خالىسىڭىز دەرس ئاڭلاپ ئىمتىھان بەرمىسىڭىز-
مۇ بولىدۇ، سىز يۇقىرى سالاھىيەت بىلەن مەكتىپىمىزگە
كەلگەن چەت ئەللىك، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرساق بولى-
دۇ، جاپا تارتماڭ، دېدى. شۇندىلا مەن ئۆزۈمنىڭ تولۇق
كۇرس ئوقۇغۇچىسى ئەمەسلىكىم، كاندىدات تەتقىقاتچى سا-
لاھىيىتىم بىلەن زىيارەت خاراكتېرلىك ئوقۇشقا كەلگەنلىكىم
ئېسىمگە كەلدى، شۇنداقتىمۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەسلىك،
ئازدۇر ـ كۆپتۇر يېڭى تەجرىبە ئۆگىنىش، يېڭى ماتېرىيال
توپلاش، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مائارىپ ـ مەدەنى-
يەت ھەققىدە چۈشەنچەمگە ئاساس سېلىش ئۈچۈن يەنىلا
بوشاشمىدىم، كۆپ ۋاقىتلاردا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كامانىدى-
روپكا ۋە دالا تەكشۈرۈشلىرىدە بىللە بولدۇم، ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ دىسسېرتاتسىيەسىنى نەق مەيداندا ئاڭلىدىم، ئالاقىدار
لېكسىيەلەرگە قاتناشتىم، دۆلەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىلى-
رىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتىم، ئىشقىلىپ ۋاقتىم ئەنە شۇنداق
جىددىيلىك، ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتتى، گەرچە
چارچاپ كەتكەن بولسامۇ، لېكىن كۈنلىرىمنى مەنىلىك ئۆت-
كەندەك ھېس قىلدىم، كۆپلىگەن چەت ئەللىك ۋە جۇڭگو-
لۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشتۇم، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئانا
تىلى ئىنگلىز تىلى بولمىغاچقا، ئىنگلىزچىغا پۇختا بولغان تەق-
دىردىمۇ يەرلىك ئوقۇغۇچىلار 50 بەت ماتېرىيال كۆرگەن-
دە، بىز ئاران 15 ـ 20 بەت ماتېرىيال كۆرۈپ چۈشىنەلەي-
دىكەنمىز، نۇرغۇن ۋاقىت ماتېرىيال كۆرۈشكە، ئىزدىنىشكە
كېتىدىكەن، چۈشتە بىر سائەت ياكى يېرىم سائەت تاماق
يېيىشكە سەرپ قىلغاندىن باشقا ۋاقتىمىز كۇتۇپخانىدا ئۆتىدى-
كەن. مەن بىر يىللىق زىيارەت خاراكتېرلىك ئوقۇش جەريا-
نىدا ئاشۇنداق ئالدىراش يۈرۈپ يەتتە كىلوگىرام ئورۇق-
لاپ كەتتىم، مۇسۇلمانچە تاماق بولمىغاچقا، تاماقنى ياتىقىم-
دا ئېتىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈن يەيدىغان تاماقنى تەييارلاپ قو-
يىمەن، تەييارلىۋالغان تاماقنى مەكتەپكە ئاپىرىپ چۈشلۈك
يېرىم سائەت ئارام ۋاقتىدا ئىسسىتىپ يەيمەن، دالىغا چىققان-
دا كېنتاكى ۋە ھامبۇرگ بولكىسى تېز تاماقخانىلىرىدىن
توخۇ گۆشلۈك ھامبۇرگ بولكىسىنى ياكى پىسا قاتلىمىسى
دۇكانلىرىدىن قوي، كالا، توخۇ گۆشلۈك پىسا قاتلىمىسىنى
ئېلىپ يەيمەن، بىز كۆنمىسەكمۇ ئەنە شۇ تۇرمۇش بىزنى
كۆندۈرىدىكەن، ئاخىر ئاشۇ تۇرمۇش ۋە ئوقۇش بېسىملى-
رىغىمۇ كۆنۈپ قالدىم، بىراق ۋاقتىم توشۇپ قالغاچقا،

مېڭىش تەييارلىقىنىمۇ قىلىۋاتاتتىم، جۇڭگو ئەلچىخانىسىدى-
كى خادىملارغا ۋاقتىمنى يەنە ئۈچ ئاي ئۇزارتىپ بېرىشكە
ئىلتىماس سۇندۇم، ئەلچىخانا ئىلتىماسىمنى جۇڭگو مائارىپ
مىنىستىرلىقىغا يوللاپ تەستىقلىتىپ بەردى، بىراق ئۇزارتقان
ئۈچ ئايدا تۇرمۇش پۇلى بېرىلمەيتتى، ئەلچىخانا تۇرمۇ-
شۇمغا كۆڭۈل بۆلدى، مەنمۇ ھەر ئايدا بىر قېتىم زىيارەت
ۋە ئۆگىنىش ئەھۋالىمنى يازما دوكلات قىلىپ يوللاپ
تۇردۇم، پۇرسەت بولسا بېرىپ پىكىر ئالماشتۇردۇم، يىللىق
ئۆگىنىش ۋە زىيارەت ئەھۋالىمنى تەپسىلىي يېزىپ ئەلچىخا-
نا، مەكتەپ ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمغا بىر نۇسخىدىن تاپ-
شۇردۇم، ئۇزارتقان ۋاقتىمدا ئائىلەمدىكىلەرنى چاقىرتىپ
كانادا ۋە ئامېرىكىنى كۆرستىپ قويۇشنى ئويلاپ ئىككى
قېتىم تەكلىپ ئەۋەتتىم، بىراق ئائىلەمدىكىلەرنى ئەپكېلىشكە
ۋىزا قويغۇزۇش ئىككى قېتىم رەت قىلىندى، ئاخىرقى كۈن-
لەردە كۆڭلىرىم تېخىمۇ زېرىكىشلىك تۇيۇلدى، ئائىلەمنى،
ۋەتەننى سېغىنىشىم بارغانچە كۈچەيدى، ئاخىر ئەلچىخانىغا
ۋەتەنگە قايتىدىغانلىقىمنى بىلدۈرگىنىمدە ئەلچىخانا ئۇرۇۋە-
چىگە قايتىش بېلىتىمنى ئېلىپ ئۈزىتىپ قويدى، ھازىرغىچە
يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم بىلەن ئالاقىلىشىپ كېلىۋاتىمەن،
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم مېنى 2010 ـ
يىلى 9 ـ ئايدا ۋانكوۋېردا ئۆتكۈزۈلىدىغان (River World)
خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ قىلىپ تەكلىپنا-
مە ئەۋەتتى، لېكىن مەن بارالمىغاچقا ئۇلارغا ئېلخەت ئارقى-
لىق رەھمىتىمنى بىلدۈرۈپ كەچۈرۈم سورىدىم.

**3. چەت ئەلدە ئوقۇش جاپالىق، ئىشقا ئورۇنلى-
شىشمۇ تەس.** چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئەمەلىيەتتە بىر
تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەش بولۇپ، بۇ ھەسەل
كورىسىدا چوڭ بولغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن
ئانچە ئاسان ئەمەس، كانادادا 18 ياشتىن كېيىن ئاتا ـ ئانى-
سىنىڭ بېقىش مەجبۇرىيىتى بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلار مۇستە-
قىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئوقۇش پۇلىنى بانكىدىن قەرز
ئېلىپ تۆلەيدۇ، ئۆزى بىر تەرەپتىن ئىشلەپ تۇرمۇشىنى
قامدايدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرگە تايىنىۋالمايدۇ، جۇڭگولۇقلار-
دا ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىش ئىدىيەسى كۈچلۈك بولغاچقا،
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياردىمىگە تايى-
نىدۇ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىش، ئىش ئورنى تېپىپ
بېرىش، ئۆي ئېلىپ بېرىشتىن تارتىپ ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنى-
دۇ، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققاندىن كېيىن كۆپ ساندىكى
جۇڭگولۇقلار ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىغا تايىنىپ ئوقۇيدۇ ۋە
تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، بۇنىڭغا ھەر بىر ئائىلە زور بەدەل تۆ-
لەيدۇ، بىر قىسىملىرى قوشۇمچە ئىشلەپ تۇرمۇشنى قامدى-
سىمۇ، كۆپىنچىسى جاپا تارتىشنى خالىمايدۇ. مەن چەت
ئەلدە زىيارەت خاراكتېرلىك ئوقۇش جەريانىدا شاھىت
بولغان ئىشلاردىن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، چەت ئەل تۇر-
مۇشى جاپالىق، ئىشقا ئورۇنلىشىشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس-
كەن. مەن دەرسكە قاتنىشىش جەريانىدا بىر قىسىم ساۋاق-
داشلىرىمنىڭ كانادادىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزۈپ
ئىشقا ئورۇنلىشالماي، مەن تۇرغان تەبىئىي پەن ۋە سانائەت
پەنلىرى ئىنستىتۇتىغا كىرىپ باشقىدىن ئەمەلىي تېخنىكا ئۆ-
گىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزۈپ ھۆكۈمەت ئور-
نىدىن ئىش تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا مۇشۇ مەكتەپتە
ئەمەلىي تېخنىكا ئۆگەنسە كەسپىي ئورۇن، كارخانا ۋە شىر-
كەتلەردىن ئىش تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى پاراڭلىشىش ئارقى-
لىق بىلدىم، ئوقۇتقۇچىلارمۇ شۇنداق دېدى. مەن مەكتەپ-
نىڭ تور بېكىتىدىن ئېلخەت ئادرېسى تۇرغۇزغاچقا، ھەر
كۈنى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەزكۇر مەكتەپنى پۈتكۈزگەن
ئوقۇغۇچىلاردىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.
قوبۇل قىلماقچى بولغان ئورۇنغا قىسقىچە تەرجىمىھالىڭىزنى
ئەۋەتكەندىن كېيىن، مۇۋاپىق كۆرسە سىزنى يۈزتۇرا ئىمتى-
ھانغا تەكلىپ قىلىپ سىناپ كۆرىدىكەن، ئۆتسىڭىز مائاشى-
ڭىز ۋە باشقا تەمىناتىڭىزنى يۈزتۇرا دېيىشىپ ئىشلىتىدى-
كەن، ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن ئىشلەشنى خالىمىسىڭىز،
ئىستېپا يېزىپ خالىغاندا چېكىنسىڭىز، باشقا ئورۇندىن
خىزمەت تاپسىڭىز بولىدىكەن، تۆمۈر تاۋاق مەۋجۇت ئە
مەسكەن، سىزگە مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئارخىپ ماتېرىيالى-
ڭىز، كادىرلار رەسمىيىتىڭىز، دىپلومىڭىز كېرەك ئەمەس-
كەن، مەكتەپنىڭ ياكى ئالاقىدار پىروفېسسورنىڭ تونۇشتۇ-
رۇشى بويىچە قابىلىيىتىڭىزگە يارىشا ئىشلەپ، ئەمگىكىڭىز
گە قارىتا ھەق ئالىدىكەنسىز، پىروفېسسور ياكى دوكتور
بولۇپ، ئاشۇ قالپىقىڭىزغا لايىق ئىشلىيەلىسىڭىز مائاشىڭىز-
مۇ يۇقىرى بولىدىكەن، ئۇنۋانىڭىز يۇقىرى بولۇپ، شۇنىڭ-
غا لايىق ئىشلىيەلمىسىڭىز، ئىقتىدارىڭىزغا تۇشلۇق مائاش
ئالىدىكەنسىز، مېنىڭ بىر دوستۇم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى-
دىن كاناداغا كۆچمەن بولۇپ چىقىپ يېرىم يىلدىن كېيىن ئا

مېرىكىنىڭ كانادادا تۇرۇشلۇق يۇمشاق دېتال شىركىتىدىن خىزمەت تاپتى، ئۇنىڭ يىللىق مائاش ۋە مۇكاپاتى 80 مىڭ كانادا دوللىرىدىن ئاشىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ كومپيۇتېر ئىقتىدارى بويىچە ئىش تاپتى، بۇ ئۇنىڭ ئامىتى. لېكىن نۇرغۇن ئىقتىدارلىق جوڭگولۇقلار بار، ئۇلار ۋەتەنگە ئوخشاش ئىشخاندا ئىشلەيدىغان ئاق ياقىلىق ئىشلارنى ئىزدىسىمۇ، ئۇنۋانى يۇقىرى، ۋەتەندىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن بولسىمۇ، لايىقىدا ئىش تاپالماي، قارا ئىشلارنى قىلغۇاتقانلار ئاز ئەمەس، چۈنكى ئېلىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر نەزەرىيە ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلغاچقا، چەت ئەلگە چىققاندا ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلىملىرى چەت ئەل ئەمەلىيىتىگە ماس كەلمەي ئىش تاپالمىغان. ئىش تېپىش جەھەتتە ئەنە شۇنداق تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت، بۇ بىر رېئاللىق، چەت ئەلدە ياشايمەن ھەم ئوقۇيمەن دەيدىكەنسىز ئەنە شۇ تالاي قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدىشىڭىز، جاپا تارتىشتىن قورقمايدىغان ئىرادە تىكلىشىڭىز، ئىش تاللىماي ئىشلىشىڭىز، ئائىلىڭىزگە تايىنىۋېلىش ئىدىيەسىدىن ۋاز كېچىشىڭىز كېرەك.

## خاتىمە

چەت ئەل بىز ئىنتىلىدىغان، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئېرەمباغ ئەمەسكەن، سىز ئويلىغاندەك چەت ئەلدە ئوقۇشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەسكەن، كونىلار: «ياقا ـ يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز ئېلىڭدە ئۇلتان بول» دېگەنىدەك، چەت ئەلدە تۇرمۇش كەچۈرۈش، چەت ئەلدە ئوقۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە، ھەممىنى نۆلدىن باشلاشقا توغرا كېلىدىكەن، يات ئەلنىڭ مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە كۆنۈش، مۇھىتقا ماسلىشىش، تىرىشىپ ئوقۇپ ئىگىلىك تىكلەشكە بىر جەريان كېتىدىكەن، قۇربان بېرىشكە، ئىللىق ئائىلىدىن ۋاقىتنچە ۋاز كېچىشكە، مۇھىمى زور ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىكەن، ئانا ۋەتەننى، يۇرتىمىزنىڭ مەززىلىك تائاملىرىنى سېغىنىش ھەر ۋاقىت كىنو ئېكرانىدەك كۆز ئالدىڭىزدىن كەتمەيدىكەن، سېغىنىش ئىستەكلىرى سىزنى ۋەتەن تۇپرىقىغا ھەر ۋاقىت ئېلىپ كېتىدىغاندەك، يالغۇز قالغىنىڭىزدا خۇددى كىچىك بالىدەك يىغلىغۇڭىز كېلىپ، ئانا ۋەتەنگە ھەر ۋاقىت تەلپۈنۈپ سېغىنىدىكەنسىز، قوۋم ـ قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلىرىڭىزدىن، بولۇپمۇ ئىللىق ئائىلىڭىزدىن ئايرىلىپ ئاشۇ ئەركىن دۇنيادا ياشىسىڭىزمۇ، ۋەتەنسىزلىك سىزنى ياتسىرىتىپ، ۋەتەن ھىدى ۋۇجۇدىڭىزدىن كەتمەيدىكەن، مەن كانادادا شاھىت بولغان ئاشۇ ئىشلاردىن شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، چەت ئەل بىز ئويلىغاندەك ئېرەمباغ ئەمەسكەن، چەت ئەلدە ئوقۇشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەسكەن!

پايدىلانمىلار:

1. ئاپتورنىڭ 2007 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چەت ئەلدىن ۋەتەنگە قايتىشىدا كولومبىيە تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى ھەم جوڭگونىڭ ۋانكوۋېردىكى ئەلچىخانىسىنىڭ مائارىپ باشقارمىسىغا تاپشۇرغان زىيارەت خاراكتېرلىك ئوقۇش دوكلاتىنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسى.

2. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» 2005 ـ يىلى نەشر قىلغان ئامېرىكا كالىفورنىيە ۋە لوس ـ ئانژېلىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى جارېد دىئاموند (Jared Diamond) نىڭ «Collapse» دېگەن كىتابىنىڭ 3 ـ باب 12 ـ پاراگرافىدىكى 358 ـ، 371 ـ بەتلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تەھرىر ـ تەرجىمە ئىشخانىسىدىن، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر.

بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قاراتېكىن (تەكلىپلىك).



ئايقۇت

# سەۋەنلىكى بار ئەر

(پوۋېست)

ئەتە مېنىڭ تويۇم بولىدۇ.

دۇنيادىكى بارچە قىزلارنىڭ جەزمەن تويى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسەممۇ، لېكىن مېنىڭ تويۇم بولىدىغانلىقىغا، ئىززىتىم بىلەن بىر ئەرنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپ ئۆمۈرلۈك بىللە تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنەلمەيتتىم. مەندەك قىزلار بىلەن توي قىلىشنى كىممۇ خالىسۇن؟ كىممۇ بالىلىرىنىڭ مەندەك ئاتىقى چىقىپ قالغان ئانىسى بولۇشىنى خالىسۇن؟ لېكىن مېنىڭمۇ تويۇم بولىدىغان بولدى.

ھازىرقى خاتىرجەم ھەر بىر كۈنۈمدىن «ئۇھ» دېگەن، شۈكۈر ئېيتقان، كۈلگەن دەقىقىلىرىمدە ئاشۇ پاتتون گىنېرالدەك ئوتتۇرا بويلۇق، زورودەك كۆك كۆزلۈك، كىچىك چاغلىرىمدىكى يېزىمىزدىكى ئەرلەردەك قوپال ئادەم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

مەنمۇ بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلاردەك چىرايلىق قاش - كۆزلىرىم بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى بىر ئادەم دەپ يۈرۈپتىكەنمەن. لېكىن ئاشۇ كۆك كۆزلۈك ئادەمنى ئۇچرىتىشتىن ئاۋۋال ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى بولىدىغانلىقىنى، ئەزىزلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ باقمىغانىكەنمەن.

ئانام مېنى تۇغۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. چىرايىنى غۇۋا بولسىمۇ ئەسلىيەلىسەمچۇ دەپ تالاي قېتىم كۆزلىرىمنى يۇمۇپ ئەسلەپ باقماقچى بولاتتىم لېكىن ئەسلىيەلمەيتتىم. ئالتە ياشقا كىرگەن يىلىم مېنى بېقىۋاتقان چوڭ ئاناممۇ ئۆلۈپ كەتتى، مېنى خوتۇنلىرىنىڭ ئالدىدا پاتۇرالمىغان تاغىلىرىم ئەكىلىپ دادامغا تاشلاپ بېرىشتى.

«ئۇ سېنىڭ داداڭ» دېگەنىدى كىچىك تاغام ماڭا، بويىنىڭ ئېگىزلىكىدىنمۇ يا باشقا سەۋەبتىنمۇ ئېڭىشىپ ماڭىدىغان، يۈزىنىڭ ھەممە يېرى قورۇق بولغاچقا كىچىك، قىسىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنىمۇ قورۇقلار ئارىسىدىن ئاران كۆرگىلى بولىدىغان، ساقال قاپلىغان ئېڭەكلىرى ئۇزۇن بىر ئادەمنى كۆرستىپ، مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئادەم ماڭا خۇددى يول بويىدىكى بىر تال تاشقا قارىغاندەكلا ئېتىبارسىز قاراپ قويغانىدى. دادام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى. ھېچ بولمىسا يېتىمچىلىكتە قالغان غېرىبانە بېشىمنى سىلاپمۇ قويمىدى.

مەن كىرلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكىنى مۇجۇقلاپ ئۇلارغا قاراپ تۇراتتىم. بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن «دادامنى كۆرىمەن، ئەمدى مېنىڭمۇ دادام بولىدۇ» دەپ ئۇخلىماي قىلغان خىياللىرىمنىمۇ ئۇنىڭ ئېتىبار-

www.uyghurkitap.com

سىز قاراشلىرى ئالدىدا شەپسىزلا يوقالدى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن دادام ماڭا قاراپمۇ قويماي ئالدى تەرەپكە قاراپ ماڭغاندى مەنمۇ خۇددى ئىگىسى يوق كۈچۈكتەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم.

ئۇ كەينىگە قاراپ مېنى كۆردى، لېكىن ھېچنېمە دېمىدى. «جايىڭدا قال» دېمىگىنىگە ئىچىمدە سۇسقىنە بىر شادلىق كۆتۈرۈلدى-دە، تېخىمۇ ئىتتىكرەك مېڭىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم. ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ماڭغۇم كېلىپ ئاستا بېرىپ قولىنى تۇتۇپ ماڭدىم، ئۇ ماڭا شۇنداقلا قاراپ قويۇپلا مېڭىۋەردى.

پاكار-پاكار ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاتقاق بىر كوچا بىلەن خېلى ئۇزاق مېڭىپ يېزىمىزنىڭ سامانلىقلىرىنىڭ ئىشكىدەك بىر قاناتلىق، سىرلاقسىز، كىچىك ياغاچ ئىشىكلىك تولىمۇ تار بىر ھويلىدىن ئۆتۈپ يەنە كىچىك بىر ئۆيگە كىردۇق.

— كەپقاپسەنغۇ؟

ئۆي قاراڭغۇ ئىدى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قىزىمنى ئەكىلىپ بەردى، كونا قېيىنئانام ئۆلۈپ كېتىپتۇ...

مەن دادامنىڭ غارالڭ-غۇرۇڭ ئاۋازىنى تۇنجى قېتىم مۇشۇ قاراڭغۇلۇقتا ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆپ ئاڭلاش نېسىپ بولمىدى، ھەتتا ماڭا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىسمىمنى چاقىرىپ بىۋاستە بىر ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىغانىدى.

— ئەمدى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەپسەندە؟ — دېدى قاراڭغۇلۇقتا بايىقى ئاۋاز خىرقىراپ، — خوتۇنۇڭ بار بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭ باقساڭ بولمامدۇ؟ قېرى جېنىمدا مېنى بىسەرەمجان قىلماي، باللىرىڭنىڭ قاتارىدا بېقىلىپ كېتەتتى.

— باللارنى بېقىپ بولالمايۋاتقاندا بۇ بالىنى ئېلىپ بارسام خوتۇنۇم ئۇرۇشىدۇ، شۇڭا ساڭا ھەمراھ بولسۇن، دەپ ئەكەلدىم.

— باقمايدىغان ئادەم ئويلىشىپ تاپىمىز بالا دېگەننى. ئۇمۇ ئەكىلىپ قويغان تازلىرىنى، بۇمۇ ئەكىلىپ قويغان ماڭقىلىرىنى... مۇشۇ قىزىڭنى ئەكىلىپ قويمىساڭ مەن يادىڭغىمۇ يەتمەيتتىمغۇ-ھە! بېقىپ چوڭ قىلىپ خوۋلۇقنى كۆرۈپ باقمىدىم مەن ھەرقايسىڭنىڭ.

مەن سۈپىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ ئۆرە تۇراتتىم.

چوڭ ئانام ياتقان يېرىدىن ئۆملەپ سۈپىنىڭ لېۋىگە كېلىپ چىرايىمغا تازا سىنچىلاپ قاراپ:

— ئانىسىدەكلا چىرايلىق ئىكەن بۇ بالا، ئۆمرى ئوخشىمىسۇن، — دەپ قويدى.

— مەن ماڭاي، — دېدى دادام.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئۆيدە دادامنىڭ ئانىسى بىلەن بىللە تۇرۇپ قالدىم.

بۇ كوچىدا مۇشۇنداق كىچىك-كىچىك ئۆيلەرلا بار ئىدى. ھەممىسى ئوخشاش پاكار، كىچىك ھويلىلىق بىر ياكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيلەر بولۇپ كۆپىنچىسىدە ئىجارىگە ئولتۇرىدىغان كىشىلەر ياشايتتى، بەزىلىرىدە چوڭ ئانامدەك كېسەل، يالغۇز ياكى باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ قالغان كىشىلەر بار ئىدى.

بۇ مەھەللە خۇددى قارغىشقا ئۇچرىغان كونا قەلئەدەك مەندىن باشقا بىرەر كىچىك بالىمۇ يوق ئىدى. مەن زېرىكسەم پاتقاق كوچىغا چىقىپ ئاندا-ساندا ئۇيان-بۇيان ماڭغان كىشىلەرگە قاراپ تۇراتتىم ياكى گىژىلداپ چىقىدىغان كونا رەڭسىز تېلېۋىزوردىن نېمە چىقسا شۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتىم.

يان قوشنىمىز ياش بىر چوكان ئىدى، ئۇنىڭ ئۆيىگە تولا ۋاقىتلاردا بۇ كوچىغا قانداق پاتقانلىقىغا مېنىڭ زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىگۈدەك يوغان، ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم كىرىپ كېتەتتى.

چوڭ ئانامدىن سورىسام:

— بۇدا كۆرسەڭ قارىما، كۆزلىرىڭنى يۇمۇۋال. نەدە كۆرمەيدىغان ئىشنى سەن كۆرۈپ يۈرىدىكەنسەن، — دېگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەم كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالاتتىم-يۇ، بىردەم تۇرۇپ ئازراق ئېچىپ بارماقلىرىمنىڭ يوچۇقىدىن ئۇنىڭ قولىدىكى لىق يېمەكلىك قاچىلانغان يوغان خالتىلارغا قارايتتىم.

بۇ ئۆيدىكى ئاشۇ چوكاننىڭ ئۇ نەرسىلەرنى يەپ بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەي نەچچە كۈنگىچە شۇ خالتىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئويلاپ يۈرەتتىم.

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بەكلا نامرات ئىدى. كونا كىگىز بىلەن يوتقان - كۆرپىدىن باشقا بىساتىمۇ يوق. بەزىدە يېگۈدەك نەرسە يوق كۈنلەرگىمۇ قالاتتۇق. قاچان ھاما - تاغىلىرىمدىن بىرەرسى ئۇن، گۈرۈچ، ئوتياش... دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بەرسە ئاندىن قازان ئاسالايتتۇق. بولمىسا كوچىنىڭ نېرىسىدىكى دوقمۇشتىن نان سېتىۋېلىپ شۇنىڭ بىلەن چاي ئىچەتتۇق.

چوڭ ئانام ئۆپكە كېسىلى ئىكەن، شۇڭا كۈننى يېتىپلا ئۆتكۈزەتتى، بەزى كۈنلىرى ھويلىغا چىقىپ ئاپتاپسىنمىسا ئۆيدىن زادى چىقمايتتى.

مېنىڭ نوپۇسۇمنى بىرەركىم يۆتكەپ ئېلىپ كەلمىگەندىن كېيىن مېنى مەكتەپكىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ كەلمىدى. يېزىدىكى ۋاقتىمدا مۇئەللىملەر ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى ئېنىقلاپ مەكتەپكە ئېلىپ كېتەتتى.

يېزىدا تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇغانىدىم، بۇ يەردە مېنىڭمۇ مەكتەپكە بېرىپ باشقا بالىلاردەك ئوقۇشۇم ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىدى.

دادام ئۆيىمىزدە ئاندا - ساندا پەيدا بولۇپ قالاتتى، لېكىن ماڭا قاراپمۇ قويمايتتى، گەپمۇ قىلمايتتى، تۇرقى مەن دەسلەپ كۆرگەن ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئاۋارە ئىدى.

چوڭ ئانام: «ھاراق ئىچمە، خىزمىتىڭنى ئوبدان قىل، بالىلىرىڭنى ياخشىراق تەربىيەلە، رۇقىيەنىڭ نوپۇسىنى تېپىپ كېلىپ مەكتەپكە بەر، مەندىن كېيىن قالسا كوچىدا قالمىسۇن...» دەپ بىر مۇنچە گەپ قىلسىمۇ تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇرۇپ - ئولتۇرۇپ قايتىپ كېتەتتى.

چوڭ ئانامنىڭ مەندىن باشقىمۇ نەۋرىلىرى بار ئىدى، ئۇلارمۇ كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى.

13 ياشقا كىرگەن يىلىم 18 ياشلىق نەۋرە ئاكام بىلەن «مۇھەببەتلەشتىم».

ئۇ چوڭ ئانام قوشنىلارنىڭكىگە بىر نەرسە سوراپ چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتا مېنى سۇپىغا بېسىپ سۆيۈۋالغانىدى. ۋېژىلداپ ئۇچۇشۇۋاتقان لەۋلىرىمدىن بىر خىل شېرىنلىك ئۇرۇق بەدىنىمگە تارىغاندا لەۋلىرىم دورداي بولۇپ قالمىغاندۇ، دەپ سىلاپ باققانىدىم.

شۇ كەمگە كەلگۈچە مېنى بىر كەم ئەركىلىتىپ سۆيۈپ باقمىغان، بىرەرسىدىن چىرايلىق، يېقىملىق گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدىم.

سۆيگەندە ئادەمنىڭ ئېنىقسىز بىر خۇشاللىققا تولۇپ قالىدىغانلىقىنى شۇ كۈنى بىلگەنىدىم.

يامغۇر سىرىغان جەزىرىدەك مېھىرسىزلىكتە قاغجىرىغان قەلبىم، يامغۇرغا ئېرىشكەن ئاق يەردەك ئۇنىڭغا تەشنالىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىدى.

ئۇنىڭ يېقىملىق سۆزلىرى، ماختاپ، ئەركىلىتىشلىرى مېنى ياغدەك ئېرىتىۋەتكەنىدى.

ئۇ ئەمدى «موماڭغا ھەمراھ بولىمەن» دەپ مۇشۇ ئۆيدە بىز بىلەن بىللە تۇرۇشقا باشلىدى.

كېچىلىرى چوڭ ئانامنىڭ مەيدىسىنىڭ گىژىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەنلا ئۇ چوڭ ئانامنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى يوتقىنىدىن چىقىپ يوتقىنىمغا كىرىۋالاتتى.

«سېنى ئالىمەن جېنىم رۇقىيە، ھامان سېنى ئالىمەنغۇ!» شۇ ئىككى ئېغىز گەپ مەندىن ھەممىنى ئېلىپ كەتكەنىدى.

بۇ چوڭ ئاناممۇ ئۆلۈپ كېتىپ دادامنىڭ ئۆيىگە كەتتىم.

مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئۆگەي ئانام دادامنىڭ كەينىدە تۇرغان ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. غۇتۇلداپ ئىشىكنى جالداقشىتقىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى جالداقشىتماقتا يوق يېرىۋەتسىمۇ مەن بۇ ئۆيگە كىرمەي نەگە بارىمەن.

دادام بىر ئىدارىدە كېچىسى دەرۋازىغا قارايدىكەن، كۈندۈزلىرى كېچىسى ئىچكەن ھاراقنىڭ مەستلىكىدە بېشىنى چۆمكەپ ئۇخلايتتى.

مەن ئۆگەي ئانامنىڭ كۆزىگە زادىلا سىغمىدىم. ئىككىمىز تولا ئۇرۇشۇپ قالاتتۇق، ئۇنىڭ تىلىدىن زەھەر تېمىپلا تۇراتتى. ھەتتا بالىلىرى ماڭا گەپ قىلسا بالىلىرىنىمۇ تىللايتتى. مەن بۇ ئۆيدە تۇرساممۇ، ئولتۇرساممۇ، قارىساممۇ قىسقىسى تىنساممۇ بولمايتتى. ئىككى گەپنىڭ بىرىدە مەن تولا ئەسلەپمۇ چىرايىنى ئېسىمگە ئالالمىغان ئانامنى چىشلەپ تارتاتتى.

ئۇ، دادامنىڭ ھاراقكەشلىكى، مەسئۇلىيەتسىزلىكى، نامراتلىق پەيدا قىلغان بارلىق ئۆچمەنلىكنى مەندىن چىقارماقچىدەك ئالەمنى مالەم قىلاتتى. ئۆگەي ئانام بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىش ھامامامنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىشىمگە ياخشى باھانە بولاتتى. نەۋرە ئاكامنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ

ھەپتە - ھەپتىلەپ كەلمەيتتىم. ھەتتا زادى قايتىپ كەتكۈم كەلمەيتتى. شۇنداق ۋاقىتلاردىمۇ مېنى ھېچكىم ئىزدەپ قويمايتتى. ھامىمام: «قايتىپ كەتكىن، ئاكام ئەنسىرەپ قالىدۇ» دەپ مېنى يولغا سېلىپ قوياتتى، ئەمەلىيەتتە مەندىن ھېچكىم ئەنسىرىمەيدىغانلىقىنى ئۇمۇ بىلەتتى.

دۇنيادا بىردىنبىر دىلىم سۇ ئىچىدىغان ئادىمىم نەۋرە ئاكام ئىدى. ئۇ كۆزۈمدىن نېرى بولسىلا دۇنيادا يېگانە قالغاندەك بىئارام بولاتتىم.

ئۇ ھامىمام بار يەردە ماڭا بەك قىزغىن مۇئامىلە قىلمايتتى، ھەتتا قىچىپىراق يۈرگىنىنى سېزەتتىم.

بىر كۈنى ئۇنىڭ تويى بولدى. مەن بىلەن ئەمەس، باشقا بىر قىز بىلەن.

مېنىڭ ئەسلىدىنلا قاراڭغۇ، قۇياش نۇرى ئەمەس ھەتتا يۇلتۇزلارنىڭ خىرە نۇرىمۇ چۈشۈپ باقمىغان دۇنيارىم، قاپقاراڭغۇ، تېگى يوق بىر ھاڭغا چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

دۇنيادا مېنى ياخشى كۆرىدىغان بىردىنبىر ئادەم نەۋرە ئاكام دەپ بىلەتتىم، لېكىن ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن.

دېمەك، دۇنيادا مېنى ياخشى كۆرىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى.

ئۇنىڭ تويى بولغان كۈنى كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈردۈم. مەھەللىدە ئانچە - مۇنچە ئۇچرىشىپ قالىدىغان قىزلار بار ئىدى. شۇ كۈنى ئاشۇ قىزلا بىلەن ئۇلار باشلىغان يەرلەرگە باردىم.

ئۇنىڭ تويىدىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتتىم.

ھېلىقى قىزلار بىلەن ئالاقەم كۆپەيدى، باشقا ئاداشلىرىمۇ كۆپەيدى.

دادام مەستلىكىدىن بىرەر كۈنمۇ يېشىلمەي يۈرەتتى. ئۆيگە قايتىش - قايتماسلىقىم ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى. تېخى ئۆيدىن چىقمىغان كۈنلىرىم ئۆگەي ئانام بىر باھانىلەرنى قىلىپ جېدەل تېرىپ مېنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلاتتى.

مەن ئورمانلىقتىن قىچىپ چىققان مايمۇن بالىسىدەك ھېلىقى دوستلىرىمنىڭ توپىغا قېتىلىپ كەتتىم، ئۇلار كۈلسە كۈلۈپ، يېسە يەپ، نېمە دېسە شۇنى دەپ ماڭمىغان يولۇم، قىلمىغان ئىشىم ئازلا قالدى.

خىيالىمغا گۇناھ، نومۇس، خورلۇق، سەسكىنىشنى ھېس قىلىش ئەمەس، ھەتتا ئۆلۈممۇ كىرىپ چىقمايتتى. خۇددى كەچتە ياتسام ئەتىسى ئورنۇمدىن زادىلا تۇرمايدىغاندەك ياكى تۇرۇش - تۇرماسلىقىم بەرىبىردەك شۇنداق بىپەرۋا ئىدىم، كۈنۈم نەدە ئۆتسە شۇ يەردە يۈرەتتىم.

بىر كۈنى بىللە ئويناپ يۈرىدىغان قىزلاردىن تېلېفون كەلدى:

— رۇقىيە جېنىم، بىر نەچچىمىز ئىچكىرىگە ئويۇنغىلى بارىمىز، سەنمۇ بارامسەن؟

مېنىڭمۇ باشقا قىزلاردەك گۈزەل شەھەرلەرنى كۆرۈپ باققۇم كېلەتتى، لېكىن پۇلۇم يوق ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا قورسىقىم تويسىلا باشقا ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەي ياشاۋەرگەچكە مەن كۆك نامرات ئىدىم.

— بەك بارغۇم بار، لېكىن پۇلۇم يوق، — دېدىم ئۇ قىزغا.

— ھى، بىزنى دوست قاتارىدا كۆرمەمسەن؟ بىز قاچان سېنىڭ - مېنىڭ دېيىشكەن؟ قارا مانىڭ دەپ كەتكەننى. كىملىكىڭ يېنىڭدا بارمۇ؟ شۇنى ئېلىپلا چىقە، تىننىقلىق سەندىن، باشقىسى بىزدىن.

شۇنداق قىلىپ بىر ئاخشامدىلا سەنياغا بېرىپ قالدۇق.

ئۇ قىزلار بىلەن دائىم بىللە ئوينىساقمۇ ئۇلار بەك باي ئىدى. داڭلىق ماركىلىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئالىي دەرىجىلىك تاماقخانىلاردا تاماقلىنىپ ئېسىلزادىلەردەك ياشايتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر تال لەۋ سۈرىغىمۇ مېنىڭ بىر قۇر كىيىمىمدىن قىممەت ئىدى.

مەن ئۇلارنىڭ پۇلىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلەلمەي ھەيران ئىدىم.

بۇگۈنمۇ ئايروپىلاننىڭ، تاكسىنىڭ، ياتاقنىڭ ھەممە پۇلىنى خۇرشىدە تۆلىدى.

ئۇ يەردە بەكمۇ بۇرۇن تاڭ ئاتىدىكەن، مەن تېخى ئۇيقۇمغا قانمايلا ئۇلار چۇرقىرىشىپ ياسانغىلى تۇردى.

— رۇقىيە قوپە، ئۇخلاۋېرەمسەن كېسەل توخۇدەك.

— ئۇخلىغىلى قويە بىردەم... بىز بىر تويغا بارمىغاندىن كېيىن...

— قوپە، قوپە... بارىدىغان يەر جىق.

سۇخاندا يۈزۈمنى يۇۋاتسام خۇرشىدەنىڭ تېلېفوندا بىرسى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

«ئۇلارنىڭ دېيىشىپ قويغان ئادەملىرى بار ئىكەنـدە! مەن نېمە ئىش قىلارمەن بۇ يەردە يالغۇز؟»

— چىرايلىق، چىرايلىق، شۇنداق، 18 ... ماڭا ئىشەنگىن... بىز يا يېڭى تونۇشلار بولمساق سېنى ئالدايتتىمۇ؟ هازىرلا بارىمىز...

ئۇ سۆزلەۋاتقان تىلنى بەك پۇختا بىلىپ كەتمىسەممۇ، لېكىن بۇتۇنلەي خەۋەرسىز ئەمەس ئىدىم.

كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— بولە، چېچىڭنى تارا، مەن تاراپ قويامتىم يا مەلىكە ئالىيلىرى؟ نېمانداق دۆت چىراي قوپقاندۇ بۇ بۈگۈن.

ئۇ ئىككىسى جابدۇنۇپ بولۇپ مېنى ساقلاۋاتاتتى.

— نەگە بارىمىز؟ — دېدىم، نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقاي دەپ.

— دېيىشىپ قويغان غوجايىنلار بار، ئويناپ كېلىمىز. تېزرەك بول، ئۇلارنى ساقلىتىۋەتسەك بولمايدۇ. شۇنداق باي كىشىلەر دېگىنە! پۇلنى ساناپ ئەمەس، تۇتامالاپ - تۇتامالاپ خەجلەيدۇ. ئەمدى «پۇلۇم يوقتى...» دەپ لېۋىڭنى چىشلەپ يۈرمەيسەن، كۆزۈڭنى بىر ئېچىۋالساڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ كېتىسەن.

مەن ئوقۇمىغان، ئاتا - ئانا تەربىيەسىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا پەس ئىشلارنى قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان بىر ئىنسان ئىدىم. ئالىيجانابلىقنى، نومۇسنى، ۋىجدانىنى ياكى گۈزەل ھەم دەبدەبىلىك سۆزلەرنى بىلمەيتتىم.

لېكىن ئاشۇ قىزلار شۇ گەپلەرنى قىلغاندا نېمىشقىدۇر مېنىڭ كۆڭلۈم تارتمىدى.

ھەتتا شۇلار قىلىۋاتقان ئىشنى قىلىدىغان ئادەم بولسامىمۇ، ئەزەلدىن پۇل تالاشمايتتىم، لېكىن ئادەم تاللايتتىم. ھېچنېمىنى، ھېچكىمنى ئايرىمايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدىم.

— مەن بارمايمەن، سىلەر بېرىپ ئويناپ كېلىڭلار، مەن ياتاقتا ئولتۇرۇپ تۇراي، — دېدىم، ئۇلارغا ئەمەس، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆل رەڭ دېڭىزغا قاراپ تۇرۇپ.

— نېمىشقا؟ ئەجەبا، سەن يۈزى ئېچىلمىغان قىزمۇ؟ — دېدى خۇرشىدە تېرىكىپ، — نازنى قوي خېنىم، بىزنىڭ ۋاقتىمىز قىس، بايۋەتچىلەرنى ساقلىتىۋەرسەك بولمايدۇ. بۇ يەردە بىر قېتىم تىنغان تىنىقىڭمۇ پۇلغا ماڭىدۇ، پۇلغا!

— ناز قىلمىدىم، راست، بارغۇم يوق.

— نېمە ئىچمىنى پۇشۇرىدىغاندۇ، ما پاسكىنا! باشتىلا شۇنداق دېسەڭ بولمامدۇ. سېنى سۆرەپ يۈرمەسەكمۇ «كېلىمىز» دەپ تۇرغانلار كۆپ ئىدى. ئۆزۈڭچە بۇ يەردە باي خېنىملاردەك ساياھەت قىلىپ، ئويناپ كېتەمەن دەپ قاپسەن - دە! ئىچمنى سىقماي... بولە!

— ...

ئۇلارنىڭ گىرىملەنگەن گۈزەل جامالى تۇتۇق ھاۋادىكى دېڭىز يۈزىدەك كۆل رەڭ تۈس ئالدى.

— ئىختىيارىڭ! — دېدى خۇرشىدە قولغا سومكىسىنى ئېلىپ، — ئاچ قېلىپ ئىت پوقنى يېگۈدەك بولغاندا تېلېفون قىلارسەن... تېخى بوينۇڭدا بۇ يەرگە كەلگۈچە خەجلىگەن پۇل بار، بىرنى ئون قىلىپ ئالىمەن سەندىن.

ئۇ ئىككىسىنى هازىر كۆرگەن ئادەم «قايسى ئېسىل ئائىلىنىڭ ئارزۇلۇق قىزلىرىدۇر» دەپ قالغۇدەك گۈزەل، نازۇك، لېۋەن ئىدى.

ئۇلار نەرسىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. كارىدوردىن يەنە بىر قىزنىڭ غوتۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بولدى، ماڭە ئاداش. بۇ ئەزەلدىن شۇنداق پەس! شۇڭا كېيىنى تىزىدىن ئاشماي، تاپقان پۇلغا قورسىقىمۇ تويماي تىترەپ يۈرىدۇ. قەدرىنى قىلغاننى بىلمەي، كۆزى ئېچىلىپ، پىتلىنىپ قالار دەپتىكەنمەن... بۇنىڭ ئورنىغا ئىپارنى ئەكەلسەك بوپتىكەن ئەسلىدە.

ئىپار دېگىنى ئىبادەت ئىسىملىك، هازىر ئىسمىنى ئىپارغا ئۆزگەرتىۋالغان قىز ئىدى. ئۇنىڭ يۈرتى بىلەن ئىسمى كۈندە نەچچە رەت ئۆزگىرىپ تۇراتتى. يېشىمۇ 18 دىن زادىلا يۇقىرىلىمايتتى.

— جالاپ دېگەننىڭ زادى شۇنداق يۈزسىز بولىدۇ... كېلىۋىلىپلا نازلاپ كەتكىنىنى.

— ۋاي ماڭە! ئۆزى ئىزدەيدۇ ھېلى قارنى ئاچقاندا. يا تىل بىلمىسە، يا پۇلى بولمىسا، يا بۇ يەرنى بىلمىسە نېمىش قىلالايتتى؟ تازا چۈچۈپ «ئاچا» دېگەندە يېنىغا بېرەرسىنى ئەۋەتمىز.

uyghurkitap.com

ئۇلار چىقىپ كەتتى، قورسىقىم تولۇغۇن تاماق يېگەن پېتى ئاچ ئىدى، يەي دېسەم ھېچنېمە يوق.

بۇ بىلمىگەن، تونۇمىغان يەردە قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرسام، كۆتكۈچىلەر كىرىپ:

— بۇ ياتاق قايتۇرۇۋېتىلدى، نەرسىلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەت، — دېدى.

سومكامنى كۆتۈرۈپ قايتىپ چىقتىم.

كوچىدا پاكار بويلۇق، چىرايى قارامتۇل ئادەملەر ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

بۇ شەھەردە ماشىنمۇ، ئادەممۇ كۆپ ئەمەس ئىكەن. تۇرۇپلا «بۇ راست سەنيا بولغىمىتى، يا ئا پاسكىنىلار مېنى ئالداپ باشقا يەرگە ئەكېلىپ قويغانمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. خىيالىمدا ئىچكىرى دېگەننى بەك گۈزەل، ئادەم مىغىلدايدىغان، ھەتتا جانمۇ بازارغا كىرىدىغان ئاۋات شەھەر دەپ بىلەتتىم. لېكىن بۇ شەھەر ئاددىي، جىمجىت ھەم ھەشەمەتسىزلا تۇراتتى.

قارىسام ئوڭ تەرىپىمدە ياپيېشىل ئورمان بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر تاغ، سول تەرىپىمدە بىنالار بار ئىكەن، پىيادىلەر يولدا ئادەم بەكمۇ ئاز ئىدى.

نەگىلا بارايى بەرىبىر ھېچ يەرنى بىلمەيتتىم، شۇڭا ئالدىمغا قاراپ پىيادىلەر يولىنى بويلاپ مېڭىۋەردىم.

شەكلى غەلىتە، ئېگىز ھەم قىبرى دەرەخلەر يولغا سايە تاشلاپ تۇراتتى، ئۇ يەر، بۇ يەردە مېۋە ـ چېۋە دۇكانلىرى خېرىدارسىز تۇرۇشاتتى.

خېلى ئۇزاق ماڭدىم، چۈش بولدىمىكىن كۈن ئۇدۇل بېشىمغا چۈشكەن ۋاقىتتا يول بويىدىكى بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم.

بۇ ئادەملەرنىڭ چىرايىغا قاراپ ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدىم، ھېچكىمنىڭ ماڭا قارىغۇدەك چولىسى يوق، ھەممىسىلا ئالدىراش.

قورسىقىم ئاچ، ھېرىپ ھەم چارچىغانىدىم، يەنە ماڭغۇدەك ماغدۇرۇممۇ يوق، ئالدىمغا ئۇچرىغان بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ماغدۇرۇم ئۈزۈلۈپ توختىدىم.

كىشىلەرنىڭ بۇ شەھەرنى نېمىشقا شۇنچە ئارزۇلاپ، يىللاپ پۇل يىغىپ بۇ يەرگە كېلىپ نەچچە كۈندىلا خەجلىۋېتىپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. چۈنكى، مەن ئەتىگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە مېنى مەپتۇن قىلغۇدەك بىرەر ئادەم ياكى نەرسە ئۇچراتمىغانىدىم.

چىدىغۇسىز ئىسسىق ئىچىمنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك قىزىتاتتى. ئۇسسۇزلۇق جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. قوللىرىدا مىنېرال سۇ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئالدىمدىن ئۆتكەندە ئاغزىمدا يۇتقۇدەك نەممۇ قالمىغانلىقىنى سەزدىم. ئالدىمدا تۇرۇپلا مەن دېمەتلىك ئۈزۈن يوپكا كىيگەن قارىۋاي بىر قىز پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ قولىدىكى قوشۇقلۇقتەك كىچىك سېۋەتتىكى مۇناقى ئۈزۈمگە ئوخشاپ كېتىدىغان قارامتۇل بىر مېۋىنى كۆرسىتىپ ئالامسەن دېگەندەك بىر گەپلەرنى قىلدى. مەن بېشىمنى چايقىدىم. ئىسسىق ئۆتتىمىكىن بېشىمنى چايقىشىمغا كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈمنى شۇنچىلىك كۈچەپ تۇتۇۋالدىم.

ئۇ بىر تال مېۋىنى سۇندى، تېتىپ باق دېدىمىكىن قارا كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى. لېكىن تېتىپ باقسام ئېلىشىم كېرەك، شۇڭا يەنە بېشىمنى چايقىدىم. ئۇ ھېلىقى بىر تال مېۋىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. مېۋە ئىسسىپ قالغانىدى، ئۇنى بىردەم تۇتۇپ تۇرسام غايىپ بولۇپ كېتىدىغاندەك دەرھال ئاغزىمغا سالدىم. ئاغزىمدا شۇنداق شېرىن بىر تەم، لېكىن گېلىمدىن ئۆتمەيلا غايىپ بولۇپ كەتتى.

ئاشخانىدا دورا ـ دەرمەك ئارىلاش قورۇمىنىڭ پۇرىقى تارقىلىپ ئاچ قورسىقىمنى تېخىمۇ ئاچۇرۇپ، نەپسىمنى تاقىلداتتى.

كونسۇل كوچىسىدىكى تاماقلار كۆز ئالدىمدا ئۇچۇشقا باشلىدى. يېزىدىكى ۋاقتىمدا بىر قېتىم چوڭ ئانام بازاردىن ساماسا ئالغاچ چىققانىكەن. سامسىنىڭ تەمى، مەززىلىك پۇرىقى نەچچە كۈنگىچە خىيالىمدىن كەتمىگەنىدى. «چوڭ بولسام، پۇلۇم بولۇپ قالسا ھەممىسىگە ساماسا ئېلىپ يەيمەن» دېسەم، چوڭ ئانام بېشىمنى سىلاپ: «دۆلەتمەنلەر قاتارىدا ياخشى كۈن كۆرەرسەن قىزىم» دېگەنىدى. مەن دۆلەتمەنلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە كۈندە ساماسا يەيدىغان ئادەملەرنى دۆلەتمەن دەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئۈرۈمچىدە يېنىمغا پۇل چۈشۈپ قالسىلا ئۇدۇل بېرىپ ساماسا يەيتتىم. ھازىرمۇ كۆز ئالدىمغا لەگمەن بىلەن ساماسا كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇ كۈنى ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئاچلىقنى ئىنساننى

ئەڭ ئاسان تەسلىم قىلدۇرىدىغان نەرسىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئەگەر ھازىر خۇرشىدە تېلېفون قىلغان بولسا، ئەتىگەنكى گېپىنى رەت قىلماسلىقىم مۇمكىن ئىدى.

كەچ كىرىپ كوچا چىراغلىرى يېقىلدى، بارىدىغان يېرىم بولمىغاندىن كېيىن تۇرۇۋەردىم، پۇتلىرىممۇ سىزىمىنى يوقىتىپ مېنى كۆتۈرۈپ تۇرالمىغۇدەك ھالغا كەلدى.

بېشىم قېيىۋاتاتتى. نېمىشقا كوچا چىراغلىرى سېرىق نۇر چاچىدىغاندۇ؟ كوچا چىرىغىنىڭ نۇرىنى كۆرسەملا مېنى بەك غېرىبلىق تۇتۇۋالاتتى.

ئاشخانىدىكىلەر مېنى بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى، دەپ ھەيران قالدىمۇ، نەچچە قېتىم چىقىپ قاراپ بېقىپ كىرىپ كېتىشتى. كېيىن ياشقا چوڭراق بىرسى چىقىپ:

— سەن نەدىن كەلدىڭ؟ نېمىشقا بۇ يەردە تۇرۇۋېرىسەن؟ ئۆيۈڭ يوقمۇ ياكى ئېزىپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى.

ئۇنىڭ يۈزى خۇددى ئەندۈۋىدا سۇۋاپ قويغاندەك ياپىلاق، كۆزلىرىمۇ ياپىلاق يۈزلىرىگە ماس ياپىلاق ئىدى. پاناق بۇرنى، يوغان ئاغزىنى كۆرۈپ «بەزى ئادەملەر نېمانچە سەت يارىتىلغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم.

مەن ئۇنىڭغا كەلگەن يېرىمنىلا دېدىم، باشقا گەپنى دېمىدىم.

بىز ئارىلىشىدىغان قىزلارنىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ چىققانلىرى: «ئىچكىرىدە ئاۋايلاپ ماڭمىساڭ قېنىڭنى خەق سۇغۇرۇۋېلىپ سېنى يولغا تاشلىۋېتىدۇ. ھېچكىمگە ئىشەنمە، سېنى ئالداپ ئاپىرىپ ئىچكى ئەزالىرىڭنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئىسكىلىتىڭنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ياكى پاھىشىخانىغا سېتىۋېتىدۇ، ئۇ يەردىن ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ، تىرىكىڭ يوق...» دېگەندەك قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلىپ بەرگەندى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلغۇممۇ كەلمىدى.

دوستۇم دەپ يۈرگەنلەر مېنى پۈتۈن پېتى ساتماق ئۈچۈن ئۆز ئايىغىم بىلەن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن تۇرسا، كىم بىلىدۇ بۇ ئاشخانىمۇ دەل شۇنداق ئەسكى ئۇۋىدىن بىرسىمۇ تېخى.

— قورسىقىڭ ئاچقان بولسا ئىچىگە كىر. بۇ مۇسۇلمانچە ئاشخانا، ساڭا تاماق بېرەيلى، بىز مۇشۇ يەرلىك بىر نېمە مىللىتى، — دېگەندى، يەنىلا ئىشەنچ قىلالماي رەت قىلدىم.

كەچ كىرىۋاتاتتى، كوچىدىكى ئادەملەر شالاڭلىشىپ يوقنىڭ ئورنىدا قالدى. بۇ ئاشخانىدىكىلەرمۇ ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، دېرىزىلىرىنى تاقاشقا باشلىدى.

تېلېفونۇم قولۇمدا چىڭ سىقىمداقلىق ئىدى. ئىچىمدە بىرسى: «خۇرشىدەگە تېلېفون قىل، ئۇلار قىلغان ئىشنى سەن قىلغانىغا ھېچنېمە بولمايدۇ، بۇ يەردە ھايات قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا ئامالىڭمۇ يوق، سەن بۇ ياقا-يۇرتتا يالغۇز، ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق بىرەر ئىشقا يولۇقساڭ قانداق قىلىسەن؟ ئۇلار بىلەن بىر نەچچە كۈن بىللە يۈرۈپ ئامانلىقىڭدا ئاستا قايتىپ كەت، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ...» دەيتتى.

چوڭ ئانام رەھمەتلىك بېشىدىكى داكا روملىدەكلا ئاددىي، لېكىن تولىمۇ پاكىز ئايال ئىدى. ئانامنى ياد ئېتىپ تولا يىغلايتتى، ياشلىرىنى داكا روملىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ قويۇپ ئۆز-ئۆزىگە: «شۇ كىشىنىڭ يۇرتىغا بارمىغىن دېسەم، شۇ ھاراقكەشكە تەگمىگىن دېسەم...» دەپ سۆزلەيتتى. باغدىكى قىزىلگۈلنى رازىگۈلنىڭ گۈلى دەپ ھېچكىمگە ئۈزدۈرمەيتتى. مەكتەپكە بارغان كۈنۈم «ياخشى ئوقۇ، ياخشى ئوقۇپ زۇنۇن شورىكىنىڭ قىزىدەك كادىر بولغىن، شۇ چاغدا خارلىقتا قالمايسەن، كىشىنىڭ قولىغا تەلمۈرمەيسەن، ئەزىز بولىسەن» دېگەندى.

ئىچ-ئىچىمدىن يىغلىغۇم كېلىۋاتاتتى.

ئالقىنىمدا تۇرۇۋېرىپ ئىسسىپ قالغان تېلېفوننىڭ قاپقىقىنى قايرىدىم، خۇرشىدەنىڭ نومۇرىنى ئاسانلا تاپتىم.

مەن چوڭ ئانام دېگەندەك ئەزىز بولالمىدىم، خارلىقتىن قۇتۇلالمىدىم. باشقىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا سۆرۈلۈپ ياشايدىغان خەس بولدۇم. چوڭ ئانام ھۇۋقۇش دەيدىغان بىر قۇش بار، زاۋاللىقنى چىللاپ سايرايدۇ دەيتتى. ئۇ ھۇۋقۇشنى بەك ئەسكى قۇش دېگەندى. مەن ئۆزۈمنىڭ زاۋاللىقنى تىلەپ ياشايدىغان ھۇۋقۇش بوپ قالدىم. «مېنى كەچۈرگىن چوڭ ئانا». خىياللىرىم كۆزلىرىمدىن تاراملاپ تۆكۈلدى.

ئاخىر خۇرشىدەنىڭ نومۇرىنى بېسىۋەتتىم.

تېلېفونۇم ئۇنى چاقىرىۋاتقاندا قېپقىزىل بىر ماشىنا

ئالدىمغا كېلىپ توختاپ، ئىچىدىن بىر ئەر كىشى چۈشتى. ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىمدا چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدىكى تېلېۋىزوردا كۆرگەن بىر كىنودىكى پاتتون گېنېرال دېگەن ئادەمگە بەكلا ئوخشايتتى. چېچىنىڭ پاسونى، كىيىنىشى، بەشنى تىك قىلىپ ئۇدۇلغا قاراپ تۇرۇشلىرى نەقلا شۇ ئادەم ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ زورونىڭ كۆزلىرىگە ئوخشىيدىغان چىرايلىق كۆك كۆزلىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى.

ئۇ ماڭا قاراپ گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، بايىقى مېنى تاماق يە دېگەن غوجايىن يۈگۈرگەندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ مېنى كۆرسىتىپ «مۇشۇ شۇ» دېدى. «ئىم، ئوغرىدىن قېچىپ قاراقچىغا تۇتۇلدۇمەمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا ھېلىقى ئەر كىشى يېنىمغا كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! ھە، ئۇكام، نېمە بولدى؟ ئېزىپ قالدىڭىزمۇ ؟— دېدى ئۇستىبېشىمغا قارىغاچ.

ئۇ سۆزلەۋاتقان تىل شۇ ۋاقىتتا ماڭا شۇ قەدەر يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتىكى، خۇددى مەن يوقىتىپ قويغىلى بىرەر 1000 يىل بولغاندەك ئانا تىلسىراپ كەتكەنىدىم.

ئەمدى ئۇ ئادەمگە قاراپ خىيالىمغا شۇ دەقىقىدە بۇ ئالەمدە بار بولغان يامان خىياللارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغانىدى. «ئا قىرى مانىڭغا ساتقان ئوخشايدۇ. بۇ كۆك كۆز ئەمدى يامان جايلارغا سېتىۋېتەرمۇ؟ ئوغرىلىققا سالارمۇ؟ زەھەر ساتقۇزارمۇ؟ ياكى ئۆزىگە يوشۇرۇن خوتۇن قىلىۋالارمۇ؟ مۇبادا پارچىلاپ ئىچكى ئەزالىرىمنى ساتسا، ئەتە يۇرتىم كىمنىڭ كۆكرىكىدە سوقار؟ كۆزۈم كىمنىڭ چانىقىدا مۆلدۈرلەر؟ ئۆپكە، جىگەر، قول ـ پۇتلىرىم كىمنىڭ تېنىدە يېتىمسىرەپ يۈرۈر...؟ ئاھ، خۇدا! دۇنيا راستىنلا شۇنچە قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟» ئەسكى جايلارغا سېتىۋەتمىسە، تېنىمنى پارچىلاپ مېنى دۇنيادىن يوقىتىۋەتمىسە، شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن باشقىسى مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. لېكىن مەندە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىر خەتەر يەتمەيدىغان بىر خاتىرجەملىك پەيدا بولۇپ قالدى. كىچىكىمدە مۇشۇنداق پەيدا بولىدىغان تۇيغۇلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەكسىچە چىقاتتى.

— ياق، — دېدىم خىيالىمنى يىغىشتۇرۇپ. ئاچلىقتا ئاران جېنىم قالغاندا باشقا گەپ قىلغۇدەك ھالىممۇ يوق.

— سىزگە قانداق ياردىمىم كېرەك؟ — دېدى ئۇ ئادەم، — ئېزىپ قالغان بولسىڭىز بارىدىغان جايىڭىزنى دەڭ، ئاپىرىپ قوييمەن. باشقا قىيىنچىلىقىڭىز بولسىمۇ دەڭ ياردەم قىلىمەن.

— ئېزىپ قالمىدىم، — دېدىم ئۇنىڭغا. بارىدىغان يېرىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئېزىپ قالغان ياكى قالمىغانلىقىنى قانداق بىلسۇن. «ياردەم» دەپ كەتكىنىنى، دادامدىن كەلمىگەن ياخشىلىق بۇنىڭ قولىدىن كېلەرمۇ؟

— ئېزىپ قالمىغان بولسىڭىز ئەمىسە نېمىشقا بۇ يەردە بىر كۈن تۇردىڭىز؟ — ئۇ ماڭا قاراپ يېقىنلاپ كەلدى.

مەن كەينىمگە ئىككى قەدەم داجىپ:

— كارىڭىز نېمە؟ — دېدىمىۇ، گېپىمنىڭ قوپاللىقىغا شۇ ھامان پۇشايمان قىلدىم. بۇ ئادەممۇ بۇ يەردە مېنى تاشلىۋېتىپ كەتسە قانداق قىلارمەن، دەپ ئىچىمگە قورقۇنچ چۈشتى.

— مېنىڭغۇ كارىم يوقتى، ماۋۇ ئاشخانىدىكىلەر «بىر قىز ئەتىگەندىن بېرى ئىشىك ئالدىدا تۇردۇ، سېنىڭ مىللىتىڭدىن ئىكەن. بىز دۇكاننى تاقايتتۇق ساڭا دەپ قويايلى دېدۇق» دەپ تېلېفون قىلىپتىكەن. بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغان قىرىندىشىمىز بولسا ياردەم قىلاي دەپ كەلدىم، بولمىسا چېچىمدىن تولا ئىشىم بار ئىدى، مېنىڭ...

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تەئەددى بىلەن يوچىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— نەدىن كەلدىڭىز ؟ — يەنە سورىدى ئۇ.

— ئۈرۈمچىدىن.

— كىم بىلەن كەلگەن، ئۇلار قېنى؟

— دوستلىرىم بىلەن كەلگەن، ئۇلار ئويۇنغىلى كەتتى.

— سىزنى نېمىشقا يالغۇز تاشلاپ قويدى؟

ئۇ «ئويۇنغىلى كەتتى» دېگەن گېپىمنى چۈشەندىمۇ يا چۈشەنمىگەنگە سالدىمۇ، بىلەلمىدىم. بىزنىڭ ئاغزىمىزدىن چىقىدىغان «ئويۇن» ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى.

— مېنىڭ ئويۇنغۇم يوق ئىدى.

— ئاتا ـ ئانىڭىزچۇ ؟

— يوق، — «يوق» دەپ بولۇپ ئۇلارنى بۇ يەردە يوق دېدىممۇ، يا بۇ دۇنيادا يوق دېدىممۇ ئۆزۈمە-

مۇ بىلەلمەي قالدىم.

— ئەمسە سىزگە ئىگە بولىدىغان كىم بار؟ شۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرىڭ، خەۋىرىڭىزنى بېرىپ قويايلى.

گەپ قىلماي تۇرۇۋالدىم. نېمىشقىدۇ ئۇنى تېرىكتۇرگۇم كېلىپلا تۇراتتى.

ئۇنىڭ چىرايلىق كۆك كۆزلىرى چىراغ يورۇقىدا تېخىمۇ نۇرلۇق چاقنايتتى.

زوررو دېگەن كىنونى كۆرگەن ۋاقىتلىرىمدا ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. شۇڭا ئۇ كىنونى ھازىرغىچە نەدىلا ئۇچراتسام قايتا - قايتا كۆرەتتىم، شۇڭا ئۇ كۆك كۆزلەرنى كېچىدىمۇ تونۇۋالغان بولۇشۇم مۇمكىن. مەن چىرايلىق ئەرلەرگە ئامراق ئىدىم، نەۋرە ئاكامىمۇ چىرايلىق ئىدى. باشقا ۋاقىتلاردىمۇ چىرايلىقراق بولسىلا كۆپ سۈرۈشتە قىلماي ئارىلىشىۋېرەتتىم.

ھېلىقى ئاشخانىدىكىلەر ئىشىكلىرىنى تاقاپ، پاتتون گېنېرالغا «خوش، بىز ماڭدۇق قادىر غوجايىن، مېھمانلىرىڭنى ئېلىپ كېلىپ تۇرارسەن...» دەپ قوللىرىنى سىلكىپ كېتىپ قېلىشتى.

— ماشىنىغا چىقىڭ.

ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا شۇ گەپنى دەپلا ئۆزى شوپۇر ئولتۇرىدىغان ئورۇنغا چىقىپ ئولتۇردى.

ياخشى، بۇ ئادەممۇ تاشلىۋېتىپ كەتمىدى. كىچىكىمدىن ھازىرغىچە تاشلىنىش ئىچىدىلا ياشىغانىدىم. ئانام مېنى تاشلىۋېتىپ ئۇ دۇنياغا كەتكەن شۇ كۈندىن بېرى مەيلى نەگىلا باراي، كىمنىڭلا يېنىغا باراي ھەممە ئادەم مېنى بىر كونا نەرسىنى تاشلىغاندەك تارتىنمايلا تاشلىۋېتەتتى، بەزىدە ئۆزۈمنى ئەخلەتتىنمۇ قەدىرسىز ھېس قىلاتتىم.

«مېنى نەگە ئېلىپ بارار؟» دەپ ئويلىدىم ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ. سېتىۋېتەرمۇ؟ سېتىۋەتمىسە نېمە قىلار؟ يوشۇرۇن خوتۇن ياكى ئاشنا... ئۈرۈمچىدە شۇنداق مەخپىي خوتۇن قىلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان قېرى گۇيلار تولا ئۇچرايتتى. مەن خىرقىراپ تىنىدىغان، تىنىقىدىن ئېچىپ قالغان تېرىنىڭ پۇرىقى كېلىدىغان، قورساقلىرى بىر مېتىر ئالدىغا چىقىپ تۇرىدىغان، خوتۇن - باللىرى تۇرۇپ كوچىدا يۈندى يالاپ يۈرىدىغان ئۇنداق ئەبلەخلەرگە قارىمايتتىم. بىر ئادىشىمىز مۇشۇنداق تۇزاققا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنى يوشۇرۇن خوتۇن قىلىۋالغان قېرىنىڭ يەنە بىر يوشۇرۇن خوتۇنىمۇ باركەن، بىر يۈرۈش ئۆينى ئىككى ئايالغا تۇتۇپ بېرىپ، يېرىم كېچىگىچە بىر خوتۇنىنىڭ يېنىدا، يېرىم كېچىدىن كېيىن يەنە بىر خوتۇنىنىڭ يېنىدا تەمسەقلاپ يۈرىدىكەنمىش، ئاخىر ئۇ ئادىشىمىز قېچىپ چىققانىدى.

مېنىڭ ئارىلىشىدىغانلىرىم بولسا مەندەك كۆك نامرات كوچا بالىلىرى ئىدى. تاپقىنىمىزنى تەڭ خەجلەپ، تاپالمىساق تەڭ قورۇق نان غاجاپ يۈرەتتۇق.

— مېنى نەگە ئېلىپ بارىسىز؟ — دېدىم ماشىنىنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ. ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇرسام بوغۇپلا سۆيۈپ كېتىدىغاندەك ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتىن قورقۇپ قالغانىدىم.

— ئۆيگە، — دېدى ئۇ ئۇدۇل قاراپ، — دەڭە، نېمىشقا بۇ يەرگە چىقىپ يالغۇز قالدىڭىز؟

— بۇ يەردە ئۆيىڭىزمۇ بارمۇ؟ يىراقمۇ؟

ھەر ئىككىمىز ئۆز گېپىمىزنى قىلدۇق.

ئۇنىڭ يوشۇرۇن خوتۇنى بولۇپ قالارمەنمۇ؟ ئۆزىغۇ پاكار بولسىمۇ خېلى يېقىملىق ئادەمكەن. سەل قېرى، تېخى چىرايلىق كۆك كۆزلىرى بار. شۇنداق قىلسىمۇ بوپتىكەن. قارا ئەسكىلىكىمنى، قورسىقىم ئاچ بولمىسا نېمە خىياللارنى قىلار بولغىيتتىم - ھە؟

— ئۆيى يوق ئادەم بولمايدۇ. ئۆيۈم، ئايالىم، باللىرىم بار... سىزنىڭمۇ باردۇ؟

— ئايالىم! — ئاۋازىم ئالجىغان خوتۇننىڭكىدەك يۇقىرى چىقىپ كەتتى. ئۇ ياشتىكى ئادەملەرنىڭ ئەلۋەتتە ئايالى بولىدۇ، لېكىن ئايالى بۇ يەردە بولار، دەپ ئويلىمىغانىدىم.

— ھەئە، ئايالىم، باللىرىم... يەنە نۇرغۇن ئادەم بار.

— ئۇنداق بولسا مەن ئايالىڭىز بىلەن بىللە تۇرامدىم؟ ئۇ ئۇرۇشۇپ كۈن بەرمىسە قانداق قىلىمىز؟

— نېمىشقا ئۇرۇشاتتىڭىز؟

— كىچىك خوتۇن بىلەن چوڭ خوتۇن شۇنداق تولا ئۇرۇشارمىشقۇ؟ ئاداشلىرىم شۇنداق دېگەن... ئۇنداق بولمىسا ئاشنا قىلىۋالامسىز - يا؟

ئۇ ماشىنىسىنى جىددىي توختىتىپ كەينىگە، توغرىسى كۆزلىرىمگە قارىدى.

چىراغ يورۇقىدا ئۇ كۆزلەردىكى ئەندىكىش بىلەن ئە-

جەبلىنىشنى ئېنىق كۆردۈم، يەنە غەزەپمۇ باردەك قىلاتتى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز ؟

ئۇنىڭ سورىغان سوئالى ئىچىمنى پۇشۇرغان بولسىمۇ جاۋاب بەردىم:

— 20 گە.

— كىچىككەنسىز بولمىسا... نەلەردە يۈرۈپ مۇنچە قىلىقسىز بولۇپ كەتكەنسىز ؟ مەن سىزنىڭ دادىڭىزدەك ئادەمغۇ! نېمانداق قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىسىز ؟ ئاغزىڭىزنى يۇمۇپ جىم ئولتۇرۇڭ! ئەمدى ھەرگىز ئاچماڭ، بولمىسا ئاغزىڭىزنى يىرتىۋېتىمەن!

ئۇنىڭ بۇقىدەك ھۆركىرىگەن ئاۋازى پاتتون گېنېراللىنىڭكىدەك يېقىملىق تۇرقىنى، چىرايلىق كۆك كۆزلىرىنى، مېنىڭ قورقۇنچلۇق ھەم گۈزەل خىياللىرىمنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى نېمانچە قوپالدۇ ؟ ئاچچىقلىسا بويۇن تومۇرلىرى قامچىنىڭ سىپىدەك كۆپۈپ كېتىدىكەن. ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە پاكارنىڭ جېنى چىقىدۇ دەۋاتاتتى، بۇ پاكارمۇ راستلا جېنى چىقىپ كەتكۈدەك ۋارقىرايدىكەن.

ئۇ تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ بىرسىگە:

— سۆيۈق - سەلەڭ بىر نېمە ئېتىپ قويە. ھەئە، مېھمان بار، سوراۋەرمە! — دەپ تېلېفوننى قويدى.

ماغدۇرۇم ئۈزۈلۈپ كەتتى، بىر كۈنلۈك ئاچلىق، ھارغىنلىق، تەشۋىش تېنىمنى ھەم روھىمنى كېرەكتىن چىقىرىۋەتكەنىدى.

ئەسلىدە ئۇنىڭدىن سۇ سوراپ ئىچمەكچى ئىدىم، قورقۇپ ئۇنداقمۇ دېيەلمىدىم.

خەقلەرنىڭ «سەنيا! سەنيا» دېيىشىپ ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ كېتىدىغان بۇ شەھەرنىڭ يورۇق كوچىلىرىغا، يىراقتا قارىيىپ كۆرۈنگەن بىنالىرىغا، يېنىمدىكى بۇ ئەرگە قايتا قارىغۇممۇ كەلمىدى.

ئادەم قورساق توق ھەم خاتىرجەم بولمىسا ھېچ ئىش خۇشياقمىسا كېرەك.

— كەلدۇق، چۈشكە!

چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم، ئۇنىڭ قوپال ئاۋازى ھازىر تېخىمۇ قوپال ئاڭلاندى.

چالىراق ئۇيقۇغا كەتكەن كۆزلىرىمنى ئاچسام، ماشىنا چوڭ يولنىڭ بويىغىلا سېلىنغان بىر ئىمارەتنىڭ ئالدىدا توراتتى. بۇ نەدۇ ئەمدى ؟ ئۆيگە بارىمىز دەۋاتاتتى بايام، خېلى باي ئوخشايدۇ - دە، مۇشۇنداق ئېسىل قورۇلارنى ئەجارىگە ئېلىپ ئولتۇرالىغاندىن كېيىن، يا بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەر قاراڭغۇ كۆتەلەككە تىقىلىپ ياشامدىكىن ؟

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوش قاناتلىق يوغان تۆمۈر دەرۋازىدىن كىردىم.

باغچىدەك يوغان بىر ھويلىدىن ئۆتتۇق، خۇددى ھېلىلا قېچىپ كېتىشىم كېرەكتەك ھەممە يەرگە سىنچىلاپ قارايتتىم. ئاپئاق چىراغ نۇرى ئىچىدە كۆزلىرىم شۇ نۇردەكلا يېقىملىق بىر چىرايغا چۈشتى... «نېمانچە چىرايلىق ؟ ئېغىر ئاياغ ئىكەن تېخى...»

— تىنچلىقمۇ، ھارماڭ سىڭلىم، — ئۇ ئالدىمغا كېلىپ قوللىرىمنى تۇتتى، — چارچاپ كەتكەنىدەك تۇرىسىز، ھازىر يولدىن كەپسىزدە...

ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىكى «ر» ھەرپىنىڭ ئالاھىدىرەك چىقىشىدىن، «خوتەنلىك ئىكەن» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

— قېنى كۆرپىگە كېلىڭ...

شۇنىدىلا ئۆزۈمنىڭ خۇددى ئۈرۈمچى ياكى ئاقسۇ، ئاتۇش ياكى قەشقەرنىڭ كوچىلىرىدىكىدەك مۇكەممەل، چىرايلىق جابدۇلغان بىر ئۇيغۇر ئۆيىگە كىرىپ قالغىنىمنى بىلدىم.

ئىككى كىچىك بالا شال سۇپىغا سېلىنغان خاڭدەن كۆرپىلەردە ئۇخلاۋاتاتتى. نېمانچە ئارامبەخش، نېمانچە جانغا راھەت كۆرۈنۈشلەر - ھە بۇ!

— قېنى تاماققا كېلىڭ، سوۋۇپمۇ كەتتى. بايا قادىر ھاجىم تېلېفون قىلغاندىلا ئېتىپ قويۇپتىكەنمەن.

قىزغۇچ ياغلىرى لەيلەپ تۇرغان سۆيۈقئاشقا قاراپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. قاچانلاردۇ مېنىڭ ئالدىمغىمۇ بىر كىملەر مۇشۇنداق ئىززەت بىلەن داستىخان سېلىپ ئاش قوياتتى.

كەينى - كەينىدىن ئاشتىن نەچچە قاچا ئىچتىم، پۇت - قوللۇمدا ماغدۇردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئېزىلىپ، كۆزۈم يۇمۇلۇپ، ئولتۇرۇپ ئۇخلاشقا باشلىسام كېرەك، چىرايلىق ئايال بايىقى ئۇخلاۋاتقان بالىلارنىڭ يېنىغا ئۆزىگە ھەم ماڭا ئورۇن راسلىدى.

ئورۇنغا كىرىپ يانچە بولغىنىملا ئېسىمدە، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىنى تۇيماي تازا ئۇخلاپتىمەن.

ئاۋۋال خورازنىڭ چىللىغىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر سەنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سىڭلىم، تۇرىڭە...

كۆزۈمنى ئېچىپ ئۆزۈمنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىرىدىم، تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى ناھايىتى تەستە ئېسىمگە ئالدىم.

چىرايلىق ئايال ئاق كۆڭلەك، ئاق لىچەكتە ئاق ئەتىرگۈلدەك جۇلالاپ تۇراتتى.

ھويلىغا چىقىپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم. ئاخشام كۆرگەن بىنانىڭ ئۇدۇلىدا يەنە بىر بەش قەۋەتلىك بىنا تۇراتتى، كىچىك بالكونلارغا يامىشىپ كەتكەن گۈللەر ئېچەلىپ، قىزىل يوپۇرماقلىرى ساڭگىلىشىپ كېتىپتۇ. بىنالارنىڭ تاملىرى ئۇيغۇرچە نەقىشلىنىپ قارىغانلا كىشىگە «بۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۆيى ئىكەن-دە!» دېگەن تۇيغۇنى بېرىدىكەن. ئىككى بىنانىڭ ئارىسى كىچىك چىملىق، گۈللۈك، ئارام ئالىدىغان ئىلەڭگۈچ بىلەن ئادەمنىڭ كۆررىدە مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق ئىدى. يان تەرەپ باغ، سەھەردىكى خورازنىڭ ئاۋازى ئاشۇ باغدىن كەلگەنىدى.

«پاتتون گېنېرال» چىملىقتا تۇرۇۋېلىپ قوپال ئاۋازى بىلەن تېلېفوندا كىمنىدۇر سەت تىللاۋاتاتتى.

— سېنىڭ كاللاڭ زادى ئىشلىمەيدۇ! ھەي دۆت، مەن نېمە دېدىم؟ ئەقلىڭگە نان چىلاپ يەمسەن دەيمەن؟ قارا، قارا، قىلغان ئىشىڭنى... ئاچاڭنى تۆلەپ بېرەرسەن!... ئەقلى يوق گۆي!

ئۇنىڭ ئاۋازىنى داۋاملىق ئاڭلاشنى خالىماي كەينىمگە ياندىم.

— دەڭە، ئەمدى سىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرىمەن؟

كەينىمدىنلا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

نېمە ئىش قىلىشىمنى مەنمۇ بىلمەيتتىم. يېنىمدا 18 يۈەنلا پۇلۇم بار ئىدى، بۇ پۇل بىلەن ئۇرۇمچىگە قايتىش ئەمەس، بىر ۋاق تاماق ئېلىپ يېگىلى بولمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى تېخىمۇ بىلمەيتتىم.

— ناشتا قىلايلى، ئۇ گەپلەرنى كېيىن دېيىشەيلى —

چىرايلىق ئايال ناشتىغا داستىخان راسلىغانىدى.

داستىخانغا ئولتۇردۇق، بىر پاتمان غەم گەجگەمنى باستى، ئاخشام بالىلارنى كۆرگەندىن كېيىن ھېلىقى قورقۇنچلىرىم تاراپ كەتكەنىدى.

قايتىشىم كېرەك، لېكىن قانداق قايتىمەن؟ 18 يۈەن پۇلۇم بار، ئايروپىلانغا چىقىرىپ قويۇڭ، قايتىپ كېتەي دېگىلى بولاتتىمۇ؟

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دېدى «پاتتون گېنېرال» — مېنىڭ ئىسمىم قادىر، ھەدىڭىزنىڭ ئىسمى پەرىدە... مېنىڭ بەك ئىشىم جىق ئادەم، گېپىڭىزنىڭ ئوچۇقىنى دېمىسىڭىز ئاچچىقىم كېلىپ قالىدۇ، ئاتا-ئانىڭىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەڭە!

— رۇقىيە... — ئىسمىمدىن ئۇنىڭغا تولىمۇ تەستە كېيىن ئۆيىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەردىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !...

— سارائىمۇ نېمە بۇ ئۆيدىكىلەر؟ سالامنى ئىلىكمۇ ئالمايلا خاتا ئۇرۇۋپسىز دەيدا!

تېلېفوننى قايتا ئۇرغاندىن كېيىن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! ئىسمىم قادىر، ئىچكىرىدىن ئۇرۇۋاتىمەن، سىزنىڭ قىزىڭىز رۇقىيە بىزنىڭ ئۆيدە... ياق، ھايات... — ئۇنىڭ گېپىنىڭ داۋامى ئاغزىدىلا قالدى. چىرايى قارىدىدى، كۆك كۆزلىرى كۆل رەڭگە ئۆزگەردى، دېمەك دادام يامان گەپ قىلغانىدى.

— قانداق دادا ئۇ؟ «تېخى ئۆلمەپتىمۇ، ئۆلسىمۇ تىرىك بولسىمۇ مېنىڭ كارىم يوق» دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

مەن ئادەتتە يىغلىمايتتىم، ئازابلىنىپمۇ يۈرمەيتتىم، بەپەرۋا ئىدىم... نېمىشقىدۇر بۈگۈن يىغلىدىم. مېنىڭ دادام شۇنداق دادا ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قىزى مۇشۇنداق يوللاردا تەمتىرەپ يۈرەتتى. ئۇ شۇنداق دادا ئىدى، بالىنى تېپىشنى بىلگەن بېقىشنى بىلمىگەن. ئۇ شۇنداق بىر ئەر ئىدى، خوتۇن ئالغان لېكىن خوتۇنىغا يۆلەك بولۇشتىن باشقا ھېچ نەرسە بېرەلمىگەن. ئۇ شۇنداق ئادەم ئىدى، تۇرۇلۇپ قالغانلىقى ئۆچۈنلا ياشاۋاتقان. ئۇ شۇنداق دادا ئىدى، ھايات دەرىخىنىڭ تۈنجى چېچىكىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىگىمۇ، نەدە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىغىمۇ قىزىقمايدىغان.

مەن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالدىم.

پەرىدە ھەدەم ناۋات رەڭ بىر ياغلىقنى ئېلىپ چىقىپ بېشىمغا چىگىپ قويدى، ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىم پۇشۇپ بوينۇمغا چۈشۈرۈپ قويۇپ يۈردۈم، كېيىن كۆنۈپ قالدىم.

پەرىدە ھەدەم ئېگىز بويلۇق، يۈزلىرى ئاق سۈزۈك،

قاشلىرى قىسقىراق، كۆزلىرى كىچىك، لەۋلىرى تولغان، كۆلۈپلا تۇرىدىغان، ھەر كۈلكىسىدە ئادەمنى ئازدۇرۇپ دەقىقە توختىتىپ قويىدىغان ئايال. كۈلگەندە ئۇنىڭ بىجىرىم، چىرايلىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىدۇ.

ئۇ ھەر قېتىم كۈلسە:

ــ ھەدە، كۈلكىڭىزگە ئاشىقمەن، سىزگە قارىسام ئىچىم كۆيۈپ كېتىدۇ، ــ دېسەم.

ــ ئەمىسە ياخشى كۆرۈڭ، يۈرىكىڭىزدە ياخشى كۆرۈڭ... ــ دەپ يەنىمۇ تاتلىق كۈلەتتى.

بۇ قورۇ ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي قورۇسى ئىكەن. بۇ بىنادا دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدىن چىققان ساياھەتچىلەر، بۇ يەردىكى مول تەبىئىي ئوكسىگېننى سۈمۈرۈپ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان كېسەللەر، ئارام ئېلىپ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان بايلار تۇرىدىكەن. ھەرقانداق بىر ئادەم سەنياغا كېلىپ خەۋەر قىلسىلا قادىر ھاجىمنىڭ ئادەملىرى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئايرودرومغا بېرىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېلىدىكەن. كەلگەنلەر خالىسا مۇشۇ يەردە تۇرىدىكەن، خالىمىسا باشقا مېھمانخانىلارغا يەتكۈزۈپ قويىدىكەن.

بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك سەھەر تۇرۇپ دېڭىز بويىغا بارىدىكەن، ساھىلدا بىرەر سائەت ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، بەزىلىرى ئۆزلىرى كىرالاپ ئالغان ئۆيلىرىدە يۇرتتىن ئېلىپ چىققان نەرسىلىرى بىلەن تاماق ئېتىپ يەيدىكەن، بەزىلىرى مۇشۇ يەرنىڭ ئاشخانىسىدىن زۇبەيدە بىلەن ئېرى ئەتكەن ئۇيغۇرچە تاماقلارنى يەيدىكەن. ئۇزاق تۇرغانلار ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك بەزىدە ئۇ ئۆيدە، بەزىدە بۇ ئۆيدە تاماقلارنى ئېتىپ بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىپ تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتىدىكەن. كەچلىرى ھويلىدا ئولتۇرۇپ سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاچ مۇڭدىشىپ كەتسە مەن ئۆزۈمنىڭ يۇرتتىن تولىمۇ يىراق يەردە ئىكەنلىكىمگە ئىشىنەلمەي قالاتتىم.

ئۇلار مېنى پەردە ھەدەمنىڭ سىڭلىسى دەپ بەك ئىززەتلەيتتى. مېنىڭ قەدىرسىزلىككە كۆنۈپ كەتكەن روھىم ۋە ۋۇجۇدۇم مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا تولۇپ، يات شەپىنى سەزگەن قۇرتتەك كىرىدىغان تۆشۈك ئىزدەپ كېتەتتى. خۇددى بەكرەك قاراپ قويسا بىر يېرىم كۆكىرىپ قالىدىغاندەك ئۇلارنىڭ سۆزلىرىمۇ، قاراشلىرىمۇ شۇنداق ئىللىق، يېقىملىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەختلىك قېرى ئاياللارنى كۆرگەندە جاھاننىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ ئانىلىرىم يادىمغا يېتىپ كۆزلىرىمگە ياش كېلەتتى.

يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى.

ھەدەم ماڭا كىتاب ئوقۇشنى، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى.

ئاستا ـ ئاستا مەن بۇرۇنقى ھاياتىمنىڭ ئادەمنىڭ ھاياتى ئەمەس، بىر ھايۋاننىڭ ھاياتىدىنمۇ بەتتەر ئۆتۈپ كەتكىنىنى چۈشەندىم.

ياۋايى ئادەملەر دەشت ـ باياۋاندا ياكى ئادەمسىز ئورمانلىقلاردا ئادەملەرنى كۆرمەي تەربىيەسىز، ياۋايىلىشىپ كەتسە، مەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ تەربىيەسىز، مېھىر ـ مۇھەببەتسىز قېلىپ ياۋايىلىشىپ كەتكەنىكەنمەن.

مېنىڭ يۈرىكىم رەسسامنىڭ قازنىقىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان رەسىم سىزىش تاختىسىدەك قۇرۇق ھەم رەڭسىز، ئۇنىڭغا نەۋرە ئاكام قويغان قارا چېكىتتىن باشقا بىرەرسى بىرەر تال يوپۇرماقمۇ سىزىپ قويمىغانىدى.

پەردە ھەدەم، قادىر ئاكام، باللار ھەم بۇ قورۇدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئۆز ھەرىكەتلىرى، مېھىر ـ مۇھەببىتى، ئۇنىسىز تەبەسسۇمى بىلەن ئۇ قۇرۇق تاختىغا ئاستا ـ ئاستا گۈزەل، ئىسسىق رەڭلەر بىلەن ئورماندەك يېشىل، ئاپتاپتەك يېقىملىق، سۇدەك سۈزۈك رەسىملەرنى سىزماقتا ئىدى.

مەن تۇنجى قېتىم ئازابلىنىشنى ئۆگەندىم، راست يىغلاشنى، ھەقىقىي كۈلۈشنى ئۆگەندىم.

ئادەمنىڭ ئەسلىدە تولىمۇ قىممەتلىك يارىتىلغانلىقىنى بىلدىم، شۇڭا ھاياتنى قانداق قەدىرلەشنى ئۆگەندىم.

مەن زادىلا بىلمەيدىغان بىر نەرسە ــ نومۇس مەندە پەيدا بولغاندا بۇرۇنقى قىلمىشلىرىمغا خىجىلچىلىقىمدا ئۇزاق يىغلاپ كەتتىم.

ئادەم دېگەن ئەسلىي مۇنداق بولىدىكەن ـ دە!

كۈلۈپ ـ يىغلاپ، نومۇس ـ ھايا بىلەن ياشايدىكەن ـ دە!

ئادەملەرنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، قەيەرگە كېتىدىغانلىقىنى، بۇ ھاياتتا نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنى

بىلگەن ۋاقتىمدا ئىچىنىشنى ئۆگىنىۋالدىم ھەم تۇنجى بولۇپ
ئۆزۈمگە تولىمۇ ئىچىندىم.

ئۆزىگە ئىچىنىشنى بىلمىگەن ئادەم ئۆزىنى سۆيمەيدۇ،
ئۆزىنى سۆيمىگەن ئادەم ئۆزىنى قەدىرلىمەيدىكەن، ئۆزىنى
قەدىرلىمىگەن ئادەم ئۆزىنى ھەم باشقىلارنى ۋەيران قىلىدى-
كەن.

ھازىر پەرۋاسىز يۈرەلمەيتتىم، ھەر بىر ئىش مېنىڭ ھا-
ياتىمدا ئۆز قىممىتىنى تاپماقتا ئىدى.

ھاياتتا مېھىر - مۇھەببەت، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت
بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەملەر بالىلىرىنى، مەندەك «ھايۋان»
دەك ئەمەس، ئۆزىدىنمۇ بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق، مېھىر -
مۇھەببەتلىك قىلىپ تەربىيەلەيدىكەن - دە!

ئېسىل تەربىيەلىك ئۇ بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەس ئىن-
سانلارنىڭ غېمىنى يەپ ياشايدىكەن.

سەھەردە ھەدەمنىڭ دېڭىز ھاۋاسىدەك ساپ ئاۋازى
تومۇر - تومۇرلىرىمغا سىڭىپ، يۈرىكىمگە يېتىپ باراتتى.
ئۇنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قۇياش نۇرىغا قاراپ ئې-
چىلغان كىچىككىنە روجەكتە قەلبىمنى ھەدەمنىڭ سۈزۈك ئا-
ۋازىغا ئاچاتتىم.

ئاستا - ئاستا دىلىمدىن بىر يەر يېرىلىپ ئۇ يېرىقتىن
بىر كۆز ئېچىلاتتى - دە، ۋىلىقلاپ ياش تۆكۈشكە باشلايت-
تى. تىلىقىپ - تىلىقىپ يىغلىغان ۋاقتىمدا، ھەدەم:

— يىغلاڭ، قانغۇچە يىغلىۋېلىڭ، يىغا بىلەن ئادەمنىڭ
روھى پاكلىنىدۇ، قەلبى يېنىكلىككە ئېرىشىدۇ... قانچىلىك
يىغلىغۇڭىز بولسا شۇنچىلىك يىغلاڭ، — دەپ مېنى باغرىغا
باسقىنىدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئېرىپ بىر تامچە سۇغا ئايلىنىپ
قالاتتىم. بۇ بىر تامچە سۇ كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا پاكلىنىپ
ئاستا - ئاستا ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى.

سۈزۈك ئاسمان، پايانسىز دېڭىز، غەمسىز بالىلار
مېنىڭ يۈرەك يارىلىرىمغا مەلھەم بولۇۋاتاتتى.

مەن بۇرۇن ھەتتا يۈرىكىمدە يارا بارلىقىنىمۇ بىلمەي
ياشىغان بىر بىچارە ئىنسان ئىدىم.

ئەمدى ئۆتمۈشۈمنىڭ پۈتۈنلەي يارىلار بىلەن تولۇپ
كەتكىنىنى، ھەتتا ئۇ يارىلىرىمنىڭ داۋاملىق قاناپ تۇرۇۋاتقا-
نلىقىنى، بىر ياردار روھنى سۆرەپ ياشىغىنىمنى، ماڭا «يا-
ردار ئىكەنسەن، كەل قولۇمنى تۇت، مۈرەمگە بېشىڭنى
قوي، يىغلىۋال، پاكلىنىسەن...» دەپ قويغۇدەك بىر ئىن-
سانىمۇ چىقمىغانلىقىنى ئەمدى بىلگەنىدىم.

ئادەم يىغلاشنى، ئازابلىنىشنى، ئىچىنىشنى بىلمىسە ئۆ-
زىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدىكەن. بې-
لىمسىزلىك ئىچىدە كۈلگەن كۈلكىسىنىڭمۇ ھۇزۇرى بولماي-
دىكەن.

ھەدەم بىلەن بالىلارنى ئېلىپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە
باشقىلار بىلەن بىللە بىزمۇ دېڭىز بويىغا بارىمىز. دېڭىز
چوڭلۇقى بىلەن مېنى قورقۇنچقا سالسا، چەكسىزلىكى بىلەن
ھەيران قالدۇراتتى، دولقۇنلىرى بىلەن ئۇرۇپ، شاۋقۇنلى-
رى بىلەن كۈلدۈرەتتى.

ئۇكىلىرىم بىلەن دېڭىزنىڭ خېلى بىر يەرلىرىگىچە
بېرىپ چۆمۈلۈپ ئوينايتتۇق، ۋارقىرايتتۇق. «كىمنىڭ ئاۋا-
زى يىراققا بارىدۇ، كىم تىنماي ۋارقىرىيالايدۇ؟» دەپ
بەسلىشەتتۇق. ھەر بىر ۋارقىرىشىمدا ئىچىمگە تولۇپ
كەتكەن داشقال ئىدىيەلىرىم چېقىلىپ كېتىۋاتقاندەك تېخىمۇ
كۈچەپ، تېخىمۇ كۈچەپ، تېخىمۇ ئۇزاق ۋارقىرايتتىم. ئىچ -
ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرى سۆكۈلۈپ تارام - تارام قانلار تۆكۈل-
گەندەك شۇ ھارام قانلار چىقىپ كېتىپ مەن يېنىكلەۋاتقان-
دەك بولاتتىم. ئەگەر قولۇمدىن كەلسە بارلىق كۈچۈم بىلەن
بىر تامچە قانغا ئايلىنىپ قايتا يارىلىشنى، شۇ يارىلىشىمدا ھە-
دەمدەك پاكىز، مېھرىبان، سۆيۈملۈك بىر ئايال بولۇپ يا-
رىلىشنى ئۈستەيتتىم. بۇ يارىلىش ئۈچۈن شۇنچىلىك قىينىلىپ
كېتەتتىمكى، ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرىدە بىر نەرسە تۈيۈنتەك بو-
لۇۋېلىپ يا يېرىلماي، يا تارقىلىپ كەتمەي ھەلقۇمۇمدا تو-
رۇۋېلىپ مېنى قىينايتتى. ئىنسان بولماق نېمانچە تەس!
قاسراق تاشلىماقچى بولغان يىلاندەك تولغۇنۇپ، سوزۇ-
لۇپ، جان تالىشىپ ھەر كۈنى ئۆزۈمنى قايتا يارىتىش
ئۈچۈن ئۆزۈم بىلەن ئېلىشاتتىم.

دېڭىز سۈيى بىلەن ۋۇجۇدۇم ھەم قەلبىم يۇيۇلۇۋاتقان-
دەك، قەلبىمدىكى قارا داغلار ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈپ ئاقى-
رىۋاتقاندەك بىر پاكىزلىقنى تۇياتتىم.

دېڭىز دولقۇنى يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ كۈچەپ ئۇرۇ-
لۇشىغا تېنىمنى تۇتۇپ بېرىپ قاقاھلاپ كۈلەتتىم. بەزىدە
دولقۇن بەكرەك كۈچلۈك بولسا سۇغا قوشۇلۇپ ئۆرۈلۈپ
كېتىپ بىر يەرلەردىن چۆمۈلۈپ چىقاتتىم.

بالىلار ئانىسىنى ئەگەشكەن بالا چايكىلاردەك ئەتراپىم-
دا چۇرقىرىشىپ ئوينايتتى. ھەر بىر كۈلكەم يۈرىكىمگە

قۇۋۋەت بېرىپ شادلىققا تولاتتىم. ھەدەم ساھىلدا ئولتۇرۇپ بىزگە قارايتتى، بەزىدە كۆڭلىكنى يىرىم كۆتۈرۈپ ساھىلغا چىققان يېنىك دولقۇنلارنى كېچەتتى.

بۇ شەھەر مەن تۇنجى كۈنى كۆرگەندەك كۆرۈمسىز شەھەر ئەمەس ئىكەن. ھەممە يەر يېشىللىق، پاكىز، قىشمۇ بولمايدىكەن.

قادىر ئاكام بالىلار بىلەن بىزنى بىر نەچچە قېتىم بىز تۇرغان يەرگە خېلىلا يىراقتىكى ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقىغا ئېلىپ باردى. ئۇ يەردىكى دەرەخلەر، ئۆسۈملۈكلەر بەكمۇ ئۆزگىچىكەن، كىچىك ـ كىچىك تاختايلىق يوللار، پەلەمپەيسىمان تاغلار، شەكىل چىقىرىپ تىزىلغان گۈللەر شۇنچىلىك جەلىبكار. مەن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تولۇق ھازىر ئويلىسام شەكلىنىمۇ دەپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى، ئەقلىم لال بولغانىدى. تەڭرىنىڭ بۇ كارامەتلىرىدىن، يەنە مەھەللىمىزدىمۇ ئاسماننىڭ كىچىك بىر پارچىسى زېمىنغا چۈشۈپ قالغاندەك كىچىك زۇمرەت كۆللەر، چوققىسىدا كىچىككىنە يوپۇرمىقى بار، سويىمدەك مېۋىلەيدىغان ئېگىز دەرەخلەر، مەرۋايىت دۇكانلىرى، سۇ ئۈزۈش كۆللىرى بار ئىدى.

ھەدەم ئېغىرلىشىپ قالدى.

مېنىڭمۇ ئۆگىنىدىغانلىرىم بىر يەرگە بارغانىدى. ئەمما بۇ ئائىلىدىن، دادامدەك بولۇپ قالغان پاتتون گېنېرالدىن (شۇنداق ئاتىسام ھەدەممۇ، قادىر ئاكاممۇ كۈلۈپ كېتىدۇ)، يۈزىمۇ، دىلىمۇ سۈزۈك پەرىدە ھەدەمدىن، ماڭا قاقاھلاپ كۈلۈشنى ئۆگەتكەن ئەزىمەت بىلەن ئىرشاتتىن زادىلا ئايرىلغۇم يوق ئىدى.

بۇرۇنقى ھايۋاندەك ياشىغان رۇقىيە ئۈرۈمچىدە قالغاندەك، بۇ يەردىكىسى يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان، پاكىز رۇقىيەدەك تۇيۇلۇپ ئۈرۈمچىگە زادىلا بارغۇم كەلمەيتتى.

ئۈرۈمچىگە قايتىپ بارسام‌لا ھايۋان رۇقىيە مېنى ئىزدەپ كېلىپ ئىچىمگە كىرىۋالىدىغاندەك قورقاتتىم.

— قايتىشىڭىز كېرەك، رۇقىيە، — دېدى قادىر ئاكام، — ھاياتتا بەزى نەرسىلەردىن قېچىپ ياشاپ بولالمايمىز، شۇڭا ئۇنىڭغا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. بولمىسا بىز قاچقان ئۇ قارا سايە بىزنى قوغلاپ ئارام بەرمەيدۇ. شۇڭا بىزنى قوغلاپ ئارام بەرمەيۋاتقان ئۇ قارا سايىنى چوقۇم دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىشىمىز كېرەك. بولمىسا ئۇ بىزنى دەسسەيدۇ. ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، ھەدىڭىزنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى ھەرگىز تاشلاپ قويماڭ...

— مەنمۇ سىزگە كۆنۈپ قالغانىدىم سىڭلىم، — دېدى پەرىدە ھەدەم ياغلىقىمدىن چىقىپ قالغان چاچلىرىمنى تۈزەپ قويۇپ، — لېكىن سىزگە بىر تۇرمۇش كېرەك. بۇ يەردىكى تاش دۇكانلىرىغا قويۇپ قويساق ساپلا ئەرلەر ئىشلەيدۇ، سىزگىمۇ، ئۇلارغىمۇ قولايسىزلىق بولىدۇ. باشقا شەھەرلەردىكى دۇكانلاردىمۇ قىزلارغا ماس كېلىدىغان ئىش يوق. ئاكىڭىز ئۈرۈمچىدىن سىزگە خىزمەت ئۇقۇشۇپ قويدى. ئۇ كىشىگە بىزگە ئىشەنگەندەكلا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. ئۇ، ئىشەنچلىك ئادەم...

كۆز ياشلىرىمنى زادى تۇتۇۋالمىدىم. مەن مۇشۇ ئۆيگە كېلىپ ئادەم بولغانىدىم، مۇشۇ ئۆيدە ئۆزۈمنىڭ ئادەملىكىنى ھېس قىلغانىدىم، تاپقانىدىم. مۇشۇ ئۆيدە قەدىر ـ قىممەت، ئىززەت ـ ھۆرمەت، نومۇس ـ ھايا، ئەدەپ ـ ئەخلاق دەيدىغان نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى، بارلىق ئادەملەرنىڭ ھەتتا پەسكەش پاھىشەلەرنىڭمۇ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە تەشنا بولۇپ ئۆزىنى پاھىشە دېيىشكە پېتىنالماي ئۆتىدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم.

ئادەم تۇغۇلسىلا ئادەم بولمايدىكەن، ئادەملىك تەربىيەسىنى تاپالىسا ئاندىن ئادەم بولۇشقا باشلايدىكەن، مەن ئەمدى ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى تاپقانىدىم.

بۇ يولدا ئۆزۈم يالغۇز مېڭىپ بولالارمەنمۇ؟ تاپقانلىرىمنى يىتتۈرۈۋەتمەي ساقلىيالارمەنمۇ؟

ئەگەر بىر ئادەم ئادەم بولالىغان بولسا، شۇ ئادەملىكنى ساقلاپ ياشاشمۇ ئاسان ئەمەسكەن.

— يىغلىماڭ ئۇكام، — دېدى قادىر ئاكام، — ئۈرۈمچىدە شىركەت ئاچىدىغان بىر ئاغىنەمگە دەپ ئۇنىڭ شىركىتىدىن سىزگە ئىش تېپىپ قويدۇم، بىرىپلا ئىشقا چۈشسىڭىز بولىدۇ. تۇرمۇشىڭىزنى چوقۇم باشقىدىن باشلاڭ، گۈزەل، ئەھمىيەتلىك بىر ھاياتنى باشلاڭ!

قادىر ئاكامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى دائىم كەينىدىن پاتتون گېنېرال دەپ چاقىرىدىغىنىم ئېسىمگە كېلىپ كۈلۈپ كەتتىم، ھەدەممۇ نېمىشقا كۈلگىنىمنى بىلىۋېلىپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھا ـ ھا ـ ھا...

قادىر ئاكامنىڭ ھازىرقى ئاۋازى ماڭا پەقەت قوپال

ئاڭلانمىدى، بۇ ئائىلىدە مەن نۇرغۇن نەرسىگە ھەتتا ئۈزۈمگە ئېرىشكەن بولسامۇ تېخى ھېچكىمگە «رەھمەت»مۇ دەپ باقمىغانىدىم.

تېخى قادىر ئاكامنى «پاتتون گېنېرال» دەپ كەيندىن كۈلەتتىم، ئاۋازى قوپال، سەت گەپ بىلەن ئادەم تىللايدۇ، پوچى، ھاكاۋۇر، كۆك كۆز... دەپ ئىچىمدە غەيۋىتىنى قىلىپ يۈرەتتىم.

ئەمدى يىغلىغۇدەك يېشىممۇ قالمىغانىدى، شۇڭا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتىم.

— رەھمەت، ئاكا، ئاچا، ماڭا ھاياتنى ھەم ئادىمىيلىكنى تونۇتقىنىڭلارغا، دۇنيادا مېھىر - مۇھەببەتلىك غەرەزسىز ئىنسانلارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈرگىنىڭلارغا... ھەممىگە...

ئەمدى كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلۇپ كەتتى.

كۆزلىرىم ياش ھالەتتە قادىر ئاكامغا قارىدىم:

— ئاكا، مېنى ھايۋانلار ئارىسىدىن ئادەملەر ئارىسىغا قايتۇرۇپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت!

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ساراڭ قىز! سىز ئەسلىدىمۇ ئادەم، چىرايلىق بىر قىز ئىدىڭىز. ئەمدى قالايمىقان گەپ قىلماڭ جۇمۇ، بولمىسا دېڭىزغا تاشلىۋېتىمەن!

ھايات نېمىدېگەن گۈزەل!

مەن ئەزەلدىن ئاسمانغا قاراپ باقمايتتىم، ئاسمان بىلەن نېمە كارىم دەيتتىم، ھازىر ئاسماننى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئاسماندىكى ئاشۇ نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ يۇلتۇزۇمنىڭمۇ بارلىقىغا ئىشىنەتتىم.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن چىملىقتىكى ئاسما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سەنيانىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدىكى مىخلاپ قويغاندەك زىچ تۇرغان نۇرلۇق يۇلتۇزلار ئىچىدىن يۇلتۇزۇمنى ئىزدىدىم.

ھەدەم يەڭگىش ئۈچۈن يۇرتقا قايتىدىكەن، بىز بىللە قايتتۇق.

سەنيا گۈزەل شەھەر بولغان بىلەن تېببىي ساھەسى تېخى ئارقىدا ئىمىش، شۇڭا ئاكام ھەدەمنىڭ يۇرتقا قايتىپ يەڭگىشنى خالايدىكەن.

ئايروپىلان ئۈرۈمچى تۇپرىقىغا دەسسىگەن ھامان يۈرىكىم تېز سوقۇپ كەتتى. ھېلىقى رۇقىيە دېرىزىدىن ماراپ، ھېجىيىپ قاراپ تۇراتتى. كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالسامۇ ئۇنىڭ ھېجىيىپ تۇرغان چىرايى نېرى كەتمىدى.

— ھەدە! — ئاستىلا پەرىدە ھەدەمنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدىم.

— بېشىڭىز قايدىمۇ؟ بىئارام بولۇۋاتامسىز؟

— ياق، ھەدە، ئۇخلىشىپ قالىمەن...

قادىر ئاكامنىڭ ئاغىنىسىنىڭ شىركىتىنىڭ زاۋۇتىغا ئىشقا چۈشتۈم.

ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىم بىلەن كارى يوق دادامنى ئىزدىگۈم كەلمىدى، ئۆگەي ئانامنى تېخىمۇ كۆرگۈم يوق ئىدى. قىسقىسى ماڭا ئۆتمۈشۈمنى ئەسلىتىدىغان ھېچ نەرسىنى كۆرۈشنى خالىمايتتىم.

شىركەت تەمىنلەپ بەرگەن ياتاققا ئورۇنلاشتىم.

زاۋۇتتا ئىش جاپالىق بولسىمۇ ئۆز ئەجرىمدە، ھالال ئىشلەپ ئۆزۈمنى باققۇدەك بولغانىدىم.

كىم رۇخسەت سورىسا شۇنىڭ ئورنىغا ئىشلەيتتىم، ھېيت - بايراملاردا مېنىڭ بارىدىغان ئۆيۈم، ئىزدەيدىغان ئاتا - ئانام بولمىغاندىكىن ئىشلەيتتىم، كېچىلەردە ئىش قوشۇپ ئىشلەيتتىم... بىر يىلدىن كېيىن ئىش بېشى بولدۇم.

لېكىن ھېلىقى رۇقىيەدىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم، ئۇ تولسى كېچىدە پەيدا بولۇپ مېنى زاڭلىق قىلاتتى:

— ئۆزۈڭچە پاكىز بولۇپ كەتتىڭ؟! ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ 13 يېشىڭدا چوڭ ئاناڭنى ئۇخلىتىپ قويۇپ نەۋرە ئاكاڭ بىلەن نېمىلەرنى قىلمىغان سەن؟ ھا - ھا - ھا، پەسكەش...

ئۇنىڭ دەھشەتلىك كۈلكىسى مېڭەمنى يېرىۋەتكۈدەك ياڭرايتتى.

— كەت! كەت! سېنى تونۇمايمەن، — دەپ ۋارقىراپ كېتەتتىم كېچىلىرى يالغۇزلۇقۇمدا.

— تونۇيسەن، ھېلىقى مېھمانخانىلاردىكى گۇناھقا پاتقان كېچىلىرىڭ ئېسىڭدىن چىقىپ قالدىمۇ؟ يېگەن چۇمادولىرىڭ، تارتقان چىلىملىرىڭ، ئىچكەن ھاراقلىرىڭ... ساراڭدەك كېچە - كېچە ئويناپ چىققانلىرىڭ ئېسىڭدىن چىقىپ قالدىمۇ؟

شۇنداق كېچىلىرى ئازاب بىلەن يىغلاپ، يېرىم كېچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ قىيامۇنلەيلىگە تۇراتتىم. تۇۋا

ئارقىلىق ئۆز - ئۆزۈمنى پاكلاشنى ئىستەيتتىم.

كۆز ياشلىرىم زېمىننى ئىقتىپ كېتىدىغاندەك تۆكۈلەتتى.

ئۇرۇمچىدىن كەتسەم ئاشۇ رۇقىيەدىن قۇتۇلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن نەگە كېتىمەن؟ كىمنىڭ يېنىغا كېتىمەن؟ ئەمدى تاپقان ياشاش يولۇمدىن ئايرىلىپ قالسام قانداق ياشايمەن؟ يەنە ھېچ يەرگە كېتەلمەيتتىم.

رۇقىيە بەزىدە ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا پەيدا بولاتتى:

— ئىشلەپ كەتتىڭمۇ ئالدامچى؟ قاچانغىچە مۇشۇنداق پاكىز قىزلاردەك، ياۋاش قىياپەتكە كىرىۋالارسەنكىن، قېنى؟ ھا - ھا - ھا... سېنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. كوچىدا ماڭساڭ سېسىق پۇرىقىڭدىن كىمنىڭ كېتىۋاتقىنىنى تاممۇ بىلىدۇ، بۇزۇق... سەن مەڭگۈ پاكلانمايسەن !

نېرۋام بۇزۇلۇپ قالايمىقانلىشىپ كېتىپ باراتتى.

بۇ يەردىلىكىمنى نەدىن ئۇقتىكىن رۇقىيەنىڭ ساراسىمىسىگە دادام قوشۇلدى:

— ئازراق پۇل بەرگىن، ھاراق ئالغىلى پۇلۇم قالمىدى، — دەيدۇ ئاران نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ.

دۇنيادا ھەممىدىن سىر يوشۇرۇپ ياشاش بەك ئازابلىق ئىكەن. ئادەتتە ياتاقتىن كۆپ چىقمايمەن، زۆرۈرىيەتلەر بىلەن چىققان ۋاقتىمدا مەيلى نەگىلا باراي بىرەرسىنىڭ مېنى تونۇپ قېلىشى، بۇرۇنقى رۇقىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېلىشى مېنى ئەندىشىگە سېلىپ بۇ تەشۋىش رۇقىيەدىنمۇ بەك ئازابلايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن نەۋرە ئاكام پەيدا بولۇپ قالدى.

— سېنى ئۇنتالمىدىم، جېنىم رۇقىيە!

— مەن رۇقىيە ئەمەس، يوقال!

ئەسەبىي ئاۋازىمدىن بىردەمگىنە تۇرۇپ قالغان ئۇ:

— يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدىن ياتاق ئېچىپ قويۇپ كەلدىم، ناز قىلمىغىنە جېنىم، ماقۇل دە، خوتۇنۇمنى ھەيدىۋېتىپ سېنى ئالىمەن، — دەيتتى يالىنىڭكىدەك رەزىل كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، — ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ھېلىقى چاغلىرىمىزنى؟ سەن بەك پەيزى...

ئۇلاردىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم. ئەگەر كونا رۇقىيەنى ئۆتقىلى بولسا ئىدى، چوقۇم ھېچ ئىككىلەنمەي بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم.

روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتىم. رۇقىيە كېلەتتى، ئۇنى كەتكۈزەلمەي تۇرسام نەۋرە ئاكام تېلېفوندا پەسكەش ئاۋازى بىلەن مېنىڭ رۇقىيە ئىكەنلىكىمنى ئېسىمگە سېلىپ يېڭى رۇقىيەنى ئۆلتۈرمەكچى بولاتتى. ئۇنىڭ نىجىس ئاۋازى مېنى كونا دۇنيايىمغا تاشلاپ دەھشەتلىك ئوتتا قىينايتتى.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېڭى رۇقىيەنى مىڭبىر جاپادا قۇراشتۇرۇپ ئىشقا ماڭاتتىم. ئۇنىڭ چارچىغان، ئېزىلگەن، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا چۆشۈپ قالايلا دەپ قالغان كۈنلىرىدە «پاتتون گېنېرال»دىن تېلېفون كەلدى:

— ئۇكام، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ زۇلال سىزنى «بەك ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ، گۆھەردەك بىر خىزمەتچىنى تونۇشتۇرۇپسەن» دەيدىغۇ!

— ھەدەم، باللار، ياخشىمۇ ئاكا؟

جېنىم ئاران قالغانىدى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۆكۈلۈپ كېتەي - كېتەي دەپ تۇراتتىم.

— ھە، ھە، ھەممىسى ئوبدان، كىچىك مەلىكىمۇ چوڭ بولۇپ كەتتى. قاراڭ ئۇكام، زۇلالنىڭ شوپۇرىنى تونۇمسىز؟ — دېدى قادىر ئاكام تۇيۇقسىزلا.

— ھەئە، شىركەتتە كۆرگەنىدىم.

— قانداقراق بالا، تەپسىلىيرەك بىلەمسىز؟

— ياق، بىر - ئىككى قېتىملا كۆرگەن...

— مەندىن تارتىنماڭ، ئۇ سىزنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. شۇڭا زۇلالغا مەقسىتىنى دەپتىكەن، زۇلال ماڭا تېلېفون قىپتۇ. مەن زۇلالغا «رۇقىيە دېگەن مېنىڭ قىزىم، شوپۇرۇڭغا بەرمەيمەن» دەپ قويدۇم، ھا - ھا - ھا... لېكىن سىز بېكىتسىڭىز ھېساب. ئائىلىمىزنىڭ چوڭ قىزىغا ئۇنداق ئاسانلا ئېرىشىمەن، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن ئۇ گۆي.

قادىر ئاكام يەنە شۇ قوپال ئاۋازىدا قاقاھلاپ كۈلۈۋاتاتتى. بېشىنى كەينىگە تاشلاپ، بەدىنىنى سىلكىپ كۈلگەن ھالىتى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتى، بۇنداق ۋاقىتلاردا كۆك كۆزلىرى كۆرۈنمەي قالاتتى.

نېمىشقىدۇر، بۇ ئادەمنىڭ كۆپ ياخشىلىقىنى كۆرگەن بولسامۇ قوپال كۈلىدىغان، ئادەم تىللايدىغان، ئاچچىقى كەلسە ئالەمنى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىشكە تاسلا قالىدىغان مىجەزىنى يامان كۆرەتتىم، شۇ قوپال ئاۋازىنى ئاڭلىساملا نېرۋام تورمۇزلىنىپ ھېچ نەرسىنى ئويلىيالماي قالاتتىم.

— رۇقىيە، گەپ قىلىڭە، كۆرۈشۈپ باقامسىز؟

زۇلالنىڭ دېيىشچە، ئۇ خېلى ياخشى بالىمىش.

مەن بىر قارا كەچمىشى بار قىز ئىدىم. كەچمىشلىرىم كانىيىمنى سىقىپ، جېنىمنى ئېلىشقا ئاز قېلىۋاتقان رۇقىيە ئىدىم. قانداقمۇ بىرسى بىلەن كۆرۈشەلەي؟ قايسى يۈردكىم بىلەن بىرسىگە خوتۇن بولالايمەن؟ ئۇ كەچمىشلەردىن قانداق قۇتۇلالايمەن؟ تېخى كەينىمدە ئەگىشىپ يۈرگەن ئەبجەق رۇقىيە بار تۇرسا...

— ئاكا، مەن...

— باشقا گەپنى قويۇپ، ئەتە ئۇ ئالغىلى كەلگەندە چىقىڭ. كەچتە ھەدىڭىز تېلېفون قىلىدۇ، قالغان گەپنى شۇ ۋاقىتتا دېيىشەڭلار...

پەردە ھەدەمنىڭ دېيىشچە ئۇ بالا مېنى بۇرۇندىن تونۇيدىكەن، كەچمىشلىرىمىمۇ سىر ئەمەسمىش. ئۇنىڭغا كېرىكى ھازىرقى رۇقىيەمىش. بۇرۇنقى رۇقىيەنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ.

چىرايلىق گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسى پاتتون گېنىرالنىڭ قوپال گەپلىرىچىلىك ئىشەنچلىك چىقمىغانىدى، شۇڭا ئۇ بالىنىڭ گېپىگىمۇ «ھە»لا دېدىم، قانچىلىكى ئىشەنچلىك ئاللا بىلىدۇ.

ئانچە ئىشەنچىم بولمىسىمۇ، خالىمىسامىمۇ، ئاكام بىلەن ھەدەمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ كۆرۈشكىلى چىقتىم.

ئۇ بالا بۇرۇن قانداق كۆرگەن بولسام شۇ ھالىتىدە تۇراتتى. بىرەر ئايال زاتى بىلەن كۆرۈشكىلى چىقىدىغان تەلەتى يوق. «غۇژژىدە» ئاچچىقىم كەلدى، مېنى بىر ئەرزىمەس ئايال دەپ تاس قاپتۇدە يۈزىنىمۇ يۇماي چىققىلى.

— تويىنى قاچان قىلىمىز؟ — ئۇ تاماق يەپ ئولتۇرۇپ تورۇستىن بومبا چۈشكەندەكلا سورىۋېدى، تېخى يۇتۇپ بولالمىغان تاماق ئاغزىمغا قاپلىشقلىق ھالەتتىلا ئۇنىڭغا قارىدىم.

— ئالدىرىماڭ، تاماقنى يۇتۇۋېلىپ ئاندىن جاۋاب بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئالدىراپ كەتكىنىنى!

ئۇنى ساراڭمىدۇ، دەپ قارىسام نورمال تۇرىدۇ، نورمالمىدۇ، دەپ قارىسام ئاشۇنداق ئېگىز - پەس گەپ قىلىپ ئولتۇرىدۇ، يەنە ئاچچىقىم كەلدى.

— بۇ يەرگە توي قىلىمىز، دەپ كۆرۈشكىلى كەلگەنتۇق؟ ئۇنداق چەكچەيمەڭ، سەتلىشىپ قالىدىكەنسىز.

ئۇنىڭ كېيىنكى گېپىگە ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم.

— ئەمدى بولدى ! مانا، ئەمدى ئايال كىشىگە ئوخشىدىڭىز.

— بايامچۇ؟

— ئولجىسىنى چىشلەپ قېچىۋاتقان چىشى يولۋاسقا.

بۇ قېتىم راستىلا كۈلگۈم كەلدى.

— سىز نېمىگە ئوخشايسىز؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— مەن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقاندا، ئۇسسۇپ سۇغا موھتاج بولغىنىڭىزدا ئەرگە ئوخشايمەن.

تۇرۇپلا ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇم كەلمەي قالدى. چاقچاقنى تولا قىلغان ئەر كىشىنى يامان كۆرەتتىم. گەپلىرىنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى چاقچاق، ئايرىيالماي ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدۇ ئادەم.

— مەن بىلەن توي قىلغۇڭىز بارمۇ؟ — يەنە سورىدى ئۇ، — ئايالىم ھادىسىدە تۈگەپ كەتكەن، بىر ئوغلۇم بار. مەن بىلەن توي قىلىشنى خالىسىڭىز ئاشۇ ئوغلۇمنىمۇ ئۆز ئانىسىدەك بېقىشىڭىز كېرەك. سىز بالامغا چىن مېھرىڭىزنى بەرسىڭىزلا باشقا ئىشلارنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلالايمەن.

— بىلمەيمەن، — دېدىم، مەن راستىلا بىلمەيتتىم.

— ئەمىسە كۆزلىرىڭىزنى يۇمۇپ ئويلاپ بېقىڭ.

— بۇ شۇنداق ئاسان ئىشمۇ؟

— نېمىشقا تەس؟ مەن سىز بىلەن بىللە ياشاشنى خالىدىم. سىزمۇ ئويلاپ بېقىڭ، خالىسىڭىز تويىنى قىلساق بولىدۇ.

— كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالسىڭىزچۇ؟

— مەن ھاياتىمدا پۇشايمان قىلىدىغان ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويمايمەن. قۇلىقىمغا ئەمەس كۆزلىرىمگە ئىشىنىمەن. شۇڭا پۇشايمان قىلمايمەن. ئىككى يىلدىن بېرى سىزنىڭ ھەر بىر تىنىقىڭىزغىچە كۆزىتىپ كەلدىم، ماڭا شۇ يېتەرلىك. شۇڭا سىز مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇرۇننى ئويلىماي، مۇشۇ ئىككى يىلدىن كېيىنكى قەلبىڭىزدىن مېنى ياقتۇرىدىغان - ياقتۇرمايدىغانلىقىڭىزنى، مەن بىلەن بىللە ئۆتۈپ كېتىشكە قانچىلىك ئىشەنچىڭىز بارلىقىنىلا سوراپ جاۋاب بېرىڭ.

ئۇنىڭ گەپلىرى تاپانچىنىڭ ئوقىدەك ئۇدۇل كېلىپ دەل تېگەتتى.

كۆزلىرىمىزنى يۇمدۇق، «ئاپا! ئاپا» يېنىمدا ئويناپ

www.uyghurkitap.com

يۈرگەن بىر بالا مېنى ئاپا دەپ چاقىردى. گېپى ئۇچۇق ھەم قوپاللىراق بىر ئەر «ۋاي، ئېشىك نېمانداق پۇشمايدۇ، خوتۇن؟ ئۇچاق بېشىدا ئۇخلاپ قالمىغانسەن؟» دەپ ۋارقىراپ مېنى سۆيلىدى. قولۇمدا بىر سىقىم ئاچقۇچ، ئىشىكنى ئېچىپلا بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

مېنىڭمۇ پەردە ھەدەمنىڭكىدەك ئېرىم، بالام، ئۆيۈم بولىدىغان بولدى.

لېكىن مەن قىلالارمەنمۇ؟ بىر ئەرگە خوتۇن، بىر بالىغا ئانا بولالارمەنمۇ؟ مەن ھاياتتىن ئانا بولۇشتەك ئۇنداق ئۇلۇغلۇقنى، خوتۇن بولۇشتەك ئۇنداق يۈكسەك مەجبۇرىيەتنى كۈتمىگەنىدىم، كۈتەلمەيتتىم، كۈتكىدەك يۈزۈم ھەم ھوقۇقۇم يوق دەپ بىلەتتىم.

پەردە ھەدەم يەنە تېلېفون قىلدى. «ھاياتتا ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىر ئورنى بولىدۇ، ئۇ ئورۇننى شۇ ئادەمدىن باشقا ھېچكىم تولدۇرالمايدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ شۇ ئورنىنى تېپىپ بولغىچە ئۇنداق ياكى بۇنداق يوللارغا كىرىپ قېلىشى، بەزىدە ئېزىپمۇ قېلىشى مۇمكىن. خاتا يوللارغا كىرىپ قالغان، ئېزىپ قېلىپ قايمۇققان، كېيىن يەنە توغرا يولغا قايتىپ ئۆز ئورنىنى ئىزدىگەنلەر باتۇر، قەيسەر ئادەملەردۇر. ئۇكام، نورمال ھاياتتىن قاچماڭ، ئايال بولۇشتىن قورقماڭ. ئادەم بولۇپ يارىتىلغانىكەنسىز بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدە سىزنىڭمۇ ھەققىڭىز بار. تۇرمۇشتىكى ئورنىڭىزنى تېپىڭ، ئۇنى تولدۇرۇڭ. ئەجەبا سىزنىڭ ئورنىڭىزغا باشقا بىرسىنىڭ كىرىۋېلىشىنى خالامسىز؟ قاچانغىچە مۇشۇنداق مۆكۈپ ياشىماقچىسىز؟»

ھەدەمنىڭ گەپلىرىنى يەنە ئويلاندىم.

مېنى رۇقىيەنىڭ ساراسىمىسىدىن، ھاقارەتلىك كەچمىشلەردىن، يالغۇزلۇق، مىسكىنلىك، ئىگە - چاقىسىزلىقتىن ئازاد قىلىدىغىنى مۇشۇ ئەر ئەمەسمۇ! يېڭى كەچمىشلەر خاتىرىلەنمىسە كونا كەچمىشلەردىن قانداق قۇتۇلغىلى بولسۇن؟

ئاخىر ھاياتقا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

ئۇ ئەر كەچمىشى بار رۇقىيەنى ھەيدىۋەتتى.

ئۇنىڭ ئالدىدا مەن پاك، نومۇسچان، ئېتىقادلىق بىر مەسۇم قىز ئىدىم.

ئۇنىڭمۇ قادىر ئاكامنىڭكىدەك بىر مۇنچە سەۋەنلىكى بار ئىدى.

تاماقنى بېشىنى قاچىغا تىقىۋېلىپ شالاپ - شۇلۇپ قىلىپلا يەپ بولىدۇ.

كۆزلىرىمدىكى نارازىلىقىمغا:

— نېمە بولدى؟ — دەيدۇ قوپاللا، — تاماقنى ئاستا، ئىسكەت چىقىرىپ يېيىش خوتۇن كىشىگە يارىشىدۇ، ئەر كىشى دېگەن ئاشۇنداق غاچ - غۇچ يەيدۇ.

چىرايلىق گەپ قىلىشنى ئەسلا بىلمەيدۇ، مىجەزى ئىتتىك، ئاۋازىنى چىقىرىپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلىدۇ.

— سىلىقراق گەپ قىلىڭە، ئوتتۇنچى... — دېسەم.

— ناخشىچى بولمىسام مەن ئاۋازىمنى سازلايدىغان، گېپىمنى ئاڭلىغىلى بولغان بولسا بولدى، ھەرىنىڭ گۈڭۈلدىشىدىن ياخشىراق چىققاندۇ؟ — دەيدۇ كۈلۈپ.

تېلېفون قىلسا گېپى تۈگىگەن ھامان خوشمۇ دېمەيلا تېلېفوننى قويۇپ بولىدۇ.

— «خوش» دەيدىغان گەپ شۇنچە تەسمۇ؟ خوشمۇ دېمەيلا تېلېفوننى قويىدىكەنسىز، — دېسەم.

— كەچكىچە خوتۇن كىشىدەك نىزىقاپ نېمە قىلىدۇ؟ مەقسەت ئۇقتۇرۇلدى، گەپ تۈگىگەندىكىن قويسا بولىدۇ، يىغلاپ خوشلىشامدۇ، ئەمدى؟ — دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن، بەش ياشلىق ئوغلى بار بۇ ئەر رۇقىيەنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان تەشۋىشلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، خىيالىمنىڭ ئەڭ گۈزەل بەتلىرىنى ئېچىشقا باشلىدى.

يۈرىكىمگە سىزىلىۋاتقان سۈرەتتىكى ئورمانزاردا ئەمدى گۈللەر ئېچىلىۋاتاتتى، قۇشلار سايرىشىپ، كېپىنەكلەر ئۇتلايتتى، بۇلاق بويىدا بىر قىز چىلەكچىگە سۇ ئۇسسۇۋاتاتتى.

ئەمدى كەچ كىرىشكە يېنىمغا رۇقىيە ئەمەس، ئۇ كېلىپ قوپال ئاۋازىنى، مۇلايىم كۆزلىرىنى، «پاتتون گېنېرال»نىڭكىدەك پاكار بويىنى كۆرسىتىپ ئۆيقۇمنى ئوغرىلايدۇ...

ئەتە مېنىڭ تويۇم بولىدۇ.

قادىر ئاكام بىلەن پەردە ھەدەم مېنى ياتلىق قىلماقچى.

2014 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى (قەشقەر)

---

ئاپتور: يازغۇچى، قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيەلىك ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ خادىمى.



# پەردە ياقۇپ شېئىرلىرىدىن

ئىلاۋە: تور بەتلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، خۇددى گۈل سەيلىسى قىلغان ئادەمدەك گۈلزارلىقتا يۈرۈۋېتىپ، ھۇپپىدە ئېچىلغان بىر دەستە گۈلگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ گۈللەرنى كىمنىڭ تېرىغانلىقى، پەرۋىشلىگەنلىكى ماڭا نامەلۇم، ئۇنىڭ پەقەت «گۈلبەدەن» تەخەللۇسلۇق بىرىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئىزدەنسە «ئىگىسى»نى تاپقىلى بولىدىكەن، بىر مۇھەررىر ئۈچۈن ئۆزىگە، ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ژۇرنالغا ۋە ژۇرنال ئوقۇرمەنلىرىگە ياققۇدەك ئەسەرگە ئېرىشىشتىنمۇ ھۇزۇرلۇق ئىش بولمىسا كېرەك. مەن ھۇزۇرلاندىم، ئوقۇرمەنلەرنىمۇ ھۇزۇرلانسۇن دېدىم. ئەڭ ئۇستا تىلچىلار خەلق ئېچىدە دەپ قارايتتىم، تىلنى ئەركىن ئىشلىتىپ، پىكرىنى چاقنىتىدىغان بۇ خىل ئۇسلۇبنى خەلق قوشاقلىرىدىن كۆپ كۆرەتتىم. بۇ قېتىم بۇ خىل تىل ئىشلىتىش ھادىسىسىنى پەردە ياقۇپ ئىسىملىك ئاپتورنىڭ قەلب تۆۋىشلىرىدىنمۇ بايقاۋاتىمەن، بايقىغانلىرىمنى ئاپتورنىڭ رۇخسىتى بىلەن خەلقىمگە سۇنغۇم كەلدى. ئەمما، كىملىكىدۇر ئۇنى قانداق ۋە قانچىلىك دەرىجىدە بايقايدۇ، بىلمىدىم. دەرۋەقە، تېخى ھەممىمىز ئىزدەش ۋە ئىزدىنىش باسقۇچىدا ئەمەسمۇ؟!

— مۇھەررىر

### ئۈرۈمچى

تەڭرى سۆزلىمىدى، قەلبىم جىممىدە
شەيتان سۈكۈت بىلەن تۇرىدۇ قاراپ
مەن يالغۇز، لەپىلدەپ قار ياغدى كېچە
ۋاقىت ئۆتۈپ كېتەر بەربىر تاراپ
تەڭرى سۆزلىمىدى، قەلبىم جىممىدە

قىپقىزىل لېپايقا ئوخشار ھاياتىم
ئۆرتىنىپ - ئۆرتىنىپ قارايمەن ساڭا
ئېھ، قولۇڭدىدۇر مېنىڭ ماماتىم
رەھىمسىز.. رەھىمسىز باقسەن ماڭا
قىپقىزىل لېپايقا ئوخشار ھاياتىم

تۈگىمەس كوچىلار، تۈگىمەس يوللار
بىر ئاسما كۆۋرۈكتە يارىمنىڭ قەددى
بىلمەمەن بۇ قېتىم ھېچكىم كۈتمەيدۇ
چۈش سائەت ئون بىردە بار كىمنىڭ قەدرى؟
تۈگىمەس كوچىلار ھەممە ئېھ، يوللار

### ئاسما كۆۋرۈك

ئۇچتاش بېكىتىنىڭ يان تەرىپىدە
بىر ئاسما كۆۋرۈك بار، سۇنمىغان بولسا
مېنى ساقلاپ تۇرار ئۇنىڭ ئۈستىدە
بىگانە بىر نىگار، ئۆلمىگەن بولسا

ئۇچتاش بېكىتىنىڭ يان تەرىپىدە
...
ئەي، قىزىل جاراھەتكە ئوخشايدۇ يەنە
ئارىدىن ئۆتۈپ كەتتى ھازىر ئىككى يىل
قەلبىم تونۇگۈنگە ئوخشايدۇ ئەمما
قىرىقتا يىرىلىپ تۇرىدۇ كۆڭۈل
ئەي قىزىل جاراھەتكە ئوخشايدۇ يەنە

مەن بارمايمەن، يارىم كەلمەيدۇ
بارمايمەن، بارمايمەن، يارىم كەلمەيدۇ
بىر تامچە ياشقىلا ئوخشار قىسمىتىم
بىر شېئىر يازىمەن، ھېچكىم بىلمەيدۇ
ھەرپلەر ئېچىدە كۈيەر يۈرىكىم
بارمايمەن زادىلا، يارىم كەلمەيدۇ

ئىككى يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن بىر ئىش
چىقمايدۇ، چىقمايدۇ، ئېسىمدىن زىنھار
لەپىلدەپ قار ياغار ھازىرمۇ ھەم قىش
ھېچكىم كۆڭلىنى ئەيلىمەس ئىزھار
ئىككى يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن بىر ئىش

بولدىلا ئويلىما ھېچبىر نەرسىنى
ياشايمىز، ئۆتۈنگەن كەبى شادىمان
كىم قارىغۇ چۈشىدە كۆرىدۇ مېنى؟

www.uyghurkitap.com

ئىككى يىل ئاۋالقى مۇدھىش بىر تۇمان؟
بولدى قوي، ئۇيلىما ھېچلا نەرسىنى..

***

يېپىلدى دەپتەر
يېپىلدى قەلەم
يېپىلدى ئۇرۇمچى
يېپىلدى قەلبىم
يېپىلغاندەك ئىككى يىل ئاۋال ...

## بىر ئايالدىن مەشرەپ تۇغۇلدى

پەيدەك يەڭگىل، پەيدىنمۇ يەڭگىل
لەيلىگەندەك بولدۇم ھاۋادا
مەن ئەقلىمدىن ئايرىلامدىمەن
سىنى كۆرسەم بىر كۈن ناۋادا

كۆز پەسلدەك تۆكۈلۈپ ئۆتتۈم
يار باغرىدەك سۆكۈلۈپ ئۆتتۈم
كېلەر كەلمەس، كېلەر يا كەلمەس...
مەن يارىمنى مۇشۇنداق كۈتتۈم

مەن كۈتكەنگە لايىق كەلمدى...
مەن كۈتكەنگە لايىق كەلمدىڭ!
تەشەككۈرمەن كەلمىگىنىڭگە
مەن ئەقلىمدىن ئايرىلامدىمەن؟
سىنىڭ مېنى بىلمىگىنىڭگە؟

ئېتەكلىرىم پارە ـ پارچىدۇر
ئېتەكلىرىم پارە ـ پارچىدۇر!
بىر ئايالدىن مەشرەپ تۇغۇلدى!
ئەتىگەندە چاڭىلداپ قوپسام
قۇشلىرىڭىنىڭ ئۈنى بوغۇلدى!

## كۆرگىنىڭدەك ياشاۋاتىمەن

يارىمنىڭ يامانلىقىدىن
ھالىمنىڭ يامانلىقىدىن
جېنىمنىڭ ئامانلىقىدىن
رەڭگىمنىڭ سامانلىقىدىن
قەددىمنىڭ كامانلىقىدىن
ماھىمنىڭ تابانلىقىدىن
ساقلا دېسەم ساقلىمىدىڭ رەب
يارىم يامانمۇر
ھالىم يامانمۇر
جانىم ئامانمۇر
رەڭگىم سامانمۇر
قەددىم كامانمۇر
ماھىم تابانمۇر
جېنىم چىقماستۇر
قېنىم ئاقماستۇر
كۆرگىنىڭدەك ياشاۋاتىمەن ..

## ئايالمەن

ئەڭ گۈزەل گۈل
توزۇپ كېتىشكە خۇشتار
ئەڭ گۈزەل كۆل
قۇرۇپ كېتىشكە خۇشتار
ئەڭ گۈزەل ئايال
ئۆلۈپ كېتىشكە خۇشتار
قۇچىقىدا سۆيگەن يارىنىڭ

مېنىڭ سۆيگەن يارىم غايىبتۇر
گۈلمەن، كۆلمەن ھەمدە ئايالمەن

## كۈتمىدىم

مىڭ يىل كۆيۈپ
مىڭ يىل كۈتۈپ
مىڭ يىل ئۆلۈپ
تىرىلگىنىمدىن كېيىن
قايتا كۆيمىدىم
قايتا كۈتمىدىم
قايتا ئۆلمىدىم
سېنى چۈشىدىم
ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن
سېنى يەنە چۈشۈمدە كۆردۈم
ۋە ھەر دائىمقىدەك
كۆرۈۋېتىپ ئويغىنىپ كەتتىم .
دائىم شۇنداق
قاچانكى سېنى كۆرسەم ئويغىنىپ كېتىمەن
كاشكى ئۇخلىمىغان بولساتتىم
كاشكى ئويغانمىغان بولساتتىم...



تۆھپىكار ژۇرنالىست، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر رىسالەت مۇھەممەد

www.uyghurkitap.com



ئانا زېمىن قوينىدىكى مەدەنىيەت

ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼
邮 编：830002 电话：（0991）2856942
印 刷：《新疆日报》印务中心
发 行：乌鲁木齐市邮局
订 阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：6.00元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2014 - يىلى 6 - سان (ئومۇمىي 330 - سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 - نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى7. قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن